# كتاب

# الصرف

«الزعيم» كومپيوتېر مۇلازىمەت مەركىزى

سىز ئىزدىگەن ھەرقانداق كىتاب بۇ يەردە تېپىلىدۇ

www.uyghurkitap.com

# كتاب

# الصرف

«الزعيم» كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزى

سىز ئىزدىگەن ھەرقانداق كىتاب بۇ يەردە تېپىلىدۇ

بسم الله الرحمن الرحيم

قال الله تعالى : ﴿ اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ ﴾ .

وقال النبى صلى الله عليه وسلم : « إنما الأعمال بالنيات و إنما لإمرئ ما نوى فمن كانت هجرته إلى الدنيا يصيبها او إمرأة ينكحها فهجرته إلى ماهاجر إليه » رواه البخارى .

الحمد لله الذى علمنا مالم نعلم والصلوة والسلام على رسوله صلى الله عليه وسلم وعلى آله وأصحابه أجمعين.

اما بعد

سەرىف (مورفولوگىيە) ئىلمى دېگەن نېمە ؟

كەلىمىلەر ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شەكىل جەھەتتىن ھەرخىل ئۆزگىرىپ كېلىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىشنى تونۇشتۇرىدىغان ئىلىم «سەرىف ئىلمى» دېيىلىدۇ .

كەلىمە دېگەن نېمە ؟

بىرەر مەنە ئىپادىلىگەن سۆزنى كەلىمە دەيمىز. مەسىلەن : «مَكْتَبٌ ، مَسْجِدٌ ، إمَامٌ» دېگەنگە ئوخشاش.

كەلىمە قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

كەلىمە ئىسىم، پېئىل، ھەرپ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

ئىسىم دېگەن نېمە؟

زامان ئۇقۇمىدىن خالىي ھالدا مەنە ئىپادىلىگەن سۆزنى ئىسىم دەيمىز. مەسىلەن: «كِتَابٌ قَلَمٌ» دېگەنگە ئوخشاش .

پېئىل دېگەن نېمە؟

زامان ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەنە ئىپادىلىگەن سۆزنى پېئىل دەيمىز. مەسىلەن: «ضَرَبَ»(ئۇردى) دېگەنگە ئوخشاش .

ھەرپ دېگەن نېمە؟

ئۆزىدىن باشقا كەلىمىلەرگە تايانغان ھالدا مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزنى ھەرپ دەيمىز. مەسىلەن: «سَافَرْتُ مِنَ الْحَاجِطُرْخَانِ إِلَى الْقَزَانِ»(مەن ھاجىتۇرخاندىن قازانغا سەپەر قىلدىم) دېگەن جۈملىدىكى «مِنْ» بىلەن «إلى» دېگەنلەرگە ئوخشاش .

زامان قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟

زامان مَاضِي (ئۆتكەن زامان)، حَالٌ (ھازىرقى زامان)، مُسْتَقْبَلٌ (كەلگۈسى زامان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

ھەرىكەت دېگەن نېمە ؟

كەلىمىلەرنىڭ ئاستى - ئۈستىگە قويۇلغان زىر، زەبەر ۋە پەچ قاتارلىقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## مِيْزَانٌ
## ئۆلچەم

مىزان دېگەن نېمە ؟

ئەرەب كەلىمىلىرى «ف ، ع ، ل» ھەرپلىرى ئارقىلىق ئۆلچىلىنىدىغان بولۇپ، بۇلار ئادەتتە مىزان دەپ ئاتايمىز .

ئەسلىي ھەرپ دېگەن نېمە؟

كەلىمىلەرنى ئۆلچىگەندە «ف ، ع ، ل» نىڭ ئورنىدا كەلگەن ھەرپلەرنى ئەسلىي ھەرپ دەيمىز . مەسىلەن : «ضَرَبَ» دېگەن پېئىلنىڭ «فَعَلَ» ۋەزنىدە بولغىنىغا ئوخشاش .

زىيادە ھەرپ دېگەن نېمە؟

كەلىمىلەرنى ئۆلچىگەندە «ف ، ع ، ل» نىڭ ئورنىدا كەلگەن ھەرپتىن ئارتۇق كەلگەن ھەرپلەرنى زىيادە ھەرپ دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن : «أَكْرَمَ» دېگەن پېئىلنىڭ «أَفْعَلَ» ۋەزنىدە بولغىنىغا ئوخشاش . بۇنىڭدىكى «ك ، ر ، م» قاتارلىقلار ئەسلىي ھەرپ بولۇپ، «أ» زىيادە ھەرپ ھېسابلىنىدۇ.

«مُجَرَّدٌ» كەلىمە دېگەن نېمە ؟

تەركىبىدە زىيادە ھەرپ بولمىغان كەلىمىنى «مُجَرَّدٌ» دەيمىز . مەسىلەن : «ضَرَبَ» دېگەنگە ئوخشاش . بۇ «فَعَلَ» ۋەزنىدە .

«مَزِيْدٌ» كەلىمە دېگەن نېمە ؟

تەركىبىدە زىيادە ھەرپ بولغان كەلىمىنى «مَزِيْدٌ» دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن: «أَكْرَمَ» دېگەنگە ئوخشاش.

«مُجَرَّدٌ» كەلىمىلەر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

«مُجَرَّدٌ» كەلىمىلەر «ثُلَاثِيٌّ مُجَرَّدٌ»، «رُبَاعِيٌّ مُجَرَّدٌ» ۋە «خُمَاسِيٌّ مُجَرَّدٌ» تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

«ثُلَاثِيٌّ مُجَرَّدٌ» دېگەن نېمە؟

تەركىۋىدە زىيادە ھەرپ بولمىغان ئۈچ ھەرپلىك كەلىمىلەر «ثُلَاثِيٌّ مُجَرَّدٌ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن : «زَيْدٌ» ۋە «ضَرَبَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«رُبَاعِيٌّ مُجَرَّدٌ» دېگەن نېمە؟

تەركىۋىدە زىيادە ھەرپ بولمىغان تۆت ھەرپلىك كەلىمىلەر «رُبَاعِيٌّ مُجَرَّدٌ» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن : «جَعْفَرٌ» ۋە «دَحْرَجَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«خُمَاسِيٌّ مُجَرَّدٌ» دېگەن نېمە؟

تەركىۋىدە زىيادە ھەرپ بولمىغان بەش ھەرپلىك كەلىمىلەر «خُمَاسِيٌّ مُجَرَّدٌ» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن : «جَحْمَرِشٌ»(قېرى خوتۇن) دېگەنگە ئوخشاش.

ئەسلىي ھەرپ «ثُلَاثِيٌّ مُجَرَّدٌ» تە قانچە بولىدۇ؟

ئەسلىي ھەرپلەر «ثُلَاثِيٌّ» تە ئۈچ بولۇپ، «ف ، ع ، ل» نىڭ باراۋىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «زَيْدٌ» ۋە «ضَرَبَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش، مانا بۇ ئىككىسى «فَعْلٌ» ۋە «فَعَلَ» نىڭ ۋەزنىلىرىدە كەلدى.

ئەسلىي ھەرپ «رُبَاعِيٌّ مُجَرَّدٌ» تە قانچە بولىدۇ؟

ئەسلىي ھەرپلەر «رُبَاعِيٌّ مُجَرَّدٌ» تە تۆت بولۇپ، «ف ، ع ، ل ، ل» نىڭ باراۋىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «جَعْفَرٌ» ۋە «دَحْرَجَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش، مانا بۇ ئىككىسى «فَعْلَلٌ» ۋە «فَعْلَلَ» نىڭ ۋەزنىلىرىدە كەلدى.

ئەسلىي ھەرپ «خُمَاسِيٌّ مُجَرَّدٌ» تە قانچە بولىدۇ؟

ئەسلىي ھەرپلەر «خُمَاسِيٌّ مُجَرَّدٌ» تە بەش بولۇپ، «ف ، ع ، ل ، ل ، ل» نىڭ باراۋىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «جَحْمَرِشٌ»دېگەنگە ئوخشاش، مانا بۇ «فَعْلَلِلٌ» نىڭ ۋەزنىلىرىدە كەلدى.

ئىسىم ھەرپ سانى جەھەتتىن قانچىگە بۆلۈنىدۇ ؟ قايسىلار ؟

ئىسىم ھەرپ سانى جەھەتتىن ئۈچ قىسمىغا بۆلۈنىدۇ .

ئۇلار :

1. ئۈچ ھەرپلىك ( ثُلَاثِيٌّ )، مەسىلەن : «زَيْدٌ» دېگەنگە ئوخشاش.

2. تۆت ھەرپلىك (رُبَاعِيٌّ)، مەسىلەن : «جَعْفَرٌ» دېگەنگە ئوخشاش .

3. بەش ھەرپلىك ( خُمَاسِيٌّ)، مەسىلەن : «جَحْمَرِشٌ» دېگەنگە ئوخشاش .

پېئىل ھەرپ سانى جەھەتتىن قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ ؟
پېئىل ھەرپ سانى جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .
ئۇلار:

1. ئۈچ ھەرپلىك ( ثُلَاثِيٌّ )، مەسىلەن : «ضَرَبَ» دېگەنگە ئوخشاش .

2. تۆت ھەرپلىك (رُبَاعِيٌّ)، مەسىلەن : «دَحْرَجَ» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىللەتلىك ھەرپلەر قانچە؟ قايسىلار؟

ئىللەتلىك (كېسەل) ھەرپلەر ئۈچ بولۇپ، «واو، الف ، يا » قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر .

ئىسىم ۋە پېئىل تەركىبىدە تەكرار ھەرپ، ئىللەتلىك ھەرپ ۋە ھەمزە قاتارلىقلارنىڭ بولۇش - بولماسلىقى جەھەتتىن قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

سەككىز قىسىمغا بۆلۈنىدىغان بولۇپ . ئۇلار: «صَحِيحٌ، مُضَاعَفٌ ، مِثَالٌ ، أَجْوَفٌ ، نَاقِصٌ ، لَفِيفٌ ، مُلْتَوِيٌّ ،مَهْمُوزٌ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

صَحِيحٌ دېگەن نېمە ؟

«ف ، ع ، ل» نىڭ باراۋىرىدە تەكرار ۋە ئىللەتلىك ھەرپلەرنىڭ بولمىغىنىدىن سىرت ھەمزىمۇ بولمىغان كەلىمىنى صَحِيحٌ دەيمىز. مەسىلەن : « ضَرْبٌ » ۋە «ضَرَبَ » دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇنى گاھىدا «سَالِمٌ» دەپمۇ ئاتايمىز.

مُضَاعَفٌ قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

مُضَاعَفٌ كەلىمىلەر «مُضَاعَفٌ ثُلَاثِيٌّ» ۋە «مُضَاعَفٌ رُبَاعِيٌّ» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .

«مُضَاعَفٌ ثُلَاثِيٌّ» دېگەن نېمە ؟

«ع ، ل» نىڭ باراۋىرىدە بىر جىنستىن ئىككى ھەرپ بولغان كەلىمىنى «مُضَاعَفٌ ثُلَاثِيٌّ» دەيمىز. مەسىلەن: «فِرٌّ» ۋە «فَرَّ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«مُضَاعَفٌ رُبَاعِيٌّ» دېگەن نېمە ؟

«ف» بىلەن ئاۋۋالقى «ل» نىڭ، «ع» بىلەن ئىككىنچى «ل» نىڭ باراۋىرىدە بىر جىنستىن ئىككى ھەرپ بولغان كەلىمىنى «مُضَاعَفٌ رُبَاعِيٌّ» دەيمىز. مەسىلەن : «زِلْزَلٌ» ۋە «زَلْزَلَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇلار «فَعْلَلٌ» ۋە «فَعْلَلَ» ۋەزنىدە.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مِثَالٌ دىگەن نېمە ؟

«ف» نىڭ باراۋىرىدە ئىللەتلىك ھەرپ بولغان كەلىمىنى مِثَال دەيمىز. مەسىلەن : «وَعْدٌ» ۋە «وَعَدَ» دىگەنلەرگە ئوخشاش .

اَجْوَفٌ دىگەن نېمە ؟

«ع» نىڭ باراۋىرىدە ئىللەتلىك ھەرپ بولغان كەلىمىنى اَجْوَفٌ دەيمىز. مەسىلەن : «قَوْلٌ» ۋە «قَوَلَ» دىگەنلەرگە ئوخشاش.

نَاقِصٌ دىگەن نېمە ؟

«ل» نىڭ باراۋىرىدە ئىللەتلىك ھەرپ بولغان كەلىمىنى نَاقِصٌ دەيمىز. مەسىلەن : «رَمْيٌ» ۋە «رَمَىَ» دىگەنلەرگە ئوخشاش .

لَفِيْفٌ دىگەن نېمە؟

«ع» بىلەن «ل» نىڭ باراۋىرىدە ئىللەتلىك ھەرپ بولغان كەلىمىنى لَفِيْفٌ دەيمىز. مەسىلەن : «قَوْيٌ» ۋە «قَوِيَ» دىگەنلەرگە ئوخشاش . بۇنى گاھىدا «لَفِيْفٌ مَقْرُوْنٌ» دەپمۇ ئاتايمىز.

مُلْتَوِيٌ دىگەن نېمە ؟

«ف» بىلەن «ل» نىڭ باراۋىرىدە ئىللەتلىك ھەرپ بولغان كەلىمىنى مُلْتَوِيٌ دەيمىز. مەسىلەن : «وَشْيٌ» ۋە «وَشِيَ» دىگەنگە ئوخشاش . بۇنى گاھىدا «لَفِيْفٌ مَفْرُوْقٌ» دەپمۇ ئاتايمىز.

مَهْمُوْزٌ دىگەن نېمە؟

«ف ، ع ، ل» قاتارلىقلاردىن بىرەرىنىڭ باراۋىرىدە ھەمزە بولغان كەلىمىنى مَهْمُوْزٌ دەيمىز. مەسىلەن : «أَخَذَ، سَأَلَ ، قَرَأَ» دىگەنگە ئوخشاش .

سۆزلۈكلەر: فَرٌّ - قاچماق، فَرَرَ - قاچتى، زَلْزَلٌ - سىلكىنمەك، زَلْزَلَ - سىلكىندى، وَعْدٌ - ۋەدە قىلماق، وَعَدَ - ۋەدە قىلدى، قَوْلٌ - ئېيتماق، دىمەك، قَوَلَ - دىدى، رَمْيٌ - ئاتماق، رَمَىَ - ئاتتى، وَشْيٌ - گەپ توشۇماق، وَشِيَ - گەپ توشۇدى، قَوْيٌ - كۈچى يەتمەك، قَوِيَ - كۈچى يەتتى، أَخَذَ - ئالدى، سَأَلَ - سورىدى، قَرَأَ - ئوقۇدى، وَثَبَ - سەكرىدى، صَرْصَرَ - قاتتىق ئاۋاز قىلدى، عَضَضَ - چىشلىدى .

www.uyghurkitap.com

## إِشْتِقَاقٌ

## ياسالما سۆز چىقىرىش

إِشْتِقَاقٌ دېگەن نېمە ؟

مەنە ۋە ھەرپ جەھەتتە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتى بولغان ئىككى كەلىمىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن چىقىرىشنى إِشْتِقَاقٌ دەيمىز. مەسىلەن : «ضَرْبٌ» دېگەن مەسدەردىن«ضَرَبَ» دېگەن پېئىلنىڭ ئىشتىقاق قىلىنغىنىغا ئوخشاش.

ئىسىملار ئىشتىقاقلىنىش جەھەتتىن قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

ئىسىملار ئىشتىقاقلىنىش جەھەتتىن جَامِدٌ (تۈپ ئىسىم) ۋە مَصْدَرٌ(ياسالما ئىسىم) دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .

جَامِدٌ ئىسىم دېگەن نېمە ؟

ئۆزىدىن ھېچ نەرسىنى ئىشتىقاق قىلىپ چىقارمايدىغان ئىسىملارنى «جَامِدٌ» ئىسىم دەيمىز. مەسىلەن : «رَجُلٌ» ۋە «زَيدٌ» دېگەنلەرگە ئوخشاش .

مَصْدَرٌ ئىسىم دېگەن نېمە ؟

ئۆزىدىن بىر قانچىلىگەن كەلىمىنى ئىشتىقاق قىلىپ چىقىرىدىغان ئىسىملارنى «مَصْدَرٌ» ئىسىم دەيمىز. مەسىلەن : «ضَرْبٌ» ۋە «قَتْلٌ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

مەسدەر ئىسىملارنىڭ مەنىسىنىڭ ئاخىرىغا «ماق، مەك» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ.

مَصْدَرٌ ئىسىملاردىن قانچە خىل كەلىمىنى ئىشتىقاق قىلىپ چىقىرىمىز؟ قايسىلار؟

مَصْدَرٌ ئىسىملاردىن ئون ئىككى خىل كەلىمىنى ئىشتىقاق قىلىپ چىقىرىمىز . ئۇلار: مَاضِى، مُضَارِعٌ ، إِسْمُ فَاعِلٍ ، إِسْمُ مَفْعُولٍ ، جَحَدٌ، نَفِي، أَمْرٌ ، نَهِي، إِسْمُ زَمَانٍ إِسْمُ مَكَانٍ ، إِسْمُ آلَةَ ، إِسْمُ تَفْضِيلٍ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مَاضِى : ئۆتكەن زامان مەنىسىگە ئىگە بولغان پېئىلدۇر. مەسىلەن: «ضَرَبَ»(ئۇردى) دېگەنگە ئوخشاش .

مُضَارِعٌ : ھازىرقى ۋە كەلگۈسى زامان مەنىلىرىگە ئىگە بولغان پېئىلدۇر. مەسىلەن: «يَضْرِبُ» (ئۇرۇۋاتىدۇ ياكى ئۇرىدۇ) دېگەنگە ئوخشاش.

إِسْمُ فَاعِلٍ : ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قىلغۇچىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «ضَارِبٌ»(ئۇرغۇچى) دېگەنگە ئوخشاش.

إِسْمُ مَفْعُولٍ : قىلىنغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «مَضْرُوبٌ» (ئۇرۇلغۇچى) دېگەنگە ئوخشاش.

جَحَدٌ : ئۆتكەن زاماندىكى ئىنكارنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلدۇر. مەسىلەن: «لَمْ يَضْرِبْ»(ئۇرمىدى) دېگەنگە ئوخشاش . بۇ مَاضِي نى ئىنكار قىلىدۇ.

نَفْي : ھازىرقى ۋە كەلگۈسى زاماندىكى ئىنكارنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «لَايَضْرِبُ»(ئۇرمايۋاتىدۇ ياكى ئۇرمايدۇ) دېگەنگە ئوخشاش . بۇ مُضَارِعٌ نى ئىنكار قىلىدۇ .

أَمْرٌ : بۇيرۇق مەنىسىگە ئىگە پېئىلدۇر. مەسىلەن : «إِضْرِبْ»(ئۇر!) دېگەنگە ئوخشاش.

نَهِي : چەكلەش مەنىسىگە ئىگە پېئىلدۇر. مەسىلەن: «لَاتَضْرِبْ»(ئۇرمىغىن!) دېگەنگە ئوخشاش. بۇ بۇيرۇق پېئىلنى چەكلەيدۇ.

إِسْمُ زَمَان : ئىش قىلىنغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «مَضْرِبٌ»(ئۇرۇلغان ۋاقىت) دېگەنگە ئوخشاش.

إِسْمُ مَكَان : ئىش قىلىنغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «مَضْرِبٌ»(ئۇرۇلغان ئورۇن) دېگەنگە ئوخشاش.

إِسْمُ آلَةٍ : ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتا ئىشلىتىدىغان قورالنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «مِضْرَابٌ»(ئۇرىدىغان قورال) دېگەنگە ئوخشاش.

إِسْمُ تَفْضِيلٍ : ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنداشتا ئالاھىدىرەك بولغان شەخسنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : «أَضْرَبُ»(ئۇرغۇچىراق) دېگەنگە ئوخشاش .

مُتَعَدِّي (ئۆتۈملۈك) پېئىل دېگەن نېمە؟

ئورۇندالغاندا ئۆزىنىڭ مَفْعُولٌ بِهِ (تولدۇرغۇچى) سىگە تەسىرى ئۆتكەن پېئىلنى «مُتَعَدِّي» پېئىل دەيمىز. مەسىلەن : «ضَرَبَ زَيْدٌ عَمْرًوا»(زەيىت ئەمىرنى ئۇردى) دېگەنگە ئوخشاش.

لَازِمٌ (ئۆتۈمسىز) پېئىل دېگەن نېمە؟

ئورۇندالغاندا ئۆزىنىڭ مَفْعُولٌ بِهِ سىگە تەسىرى ئۆتمىگەن پېئىلنى «لَازِمٌ» پېئىل دەيمىز. مەسىلەن:«جَلَسَ»(ئولتۇردى) دېگەنگە ئوخشاش. بۇ پېئىلنىڭ تەسىرى مَفْعُولٌ بِهِ گە ئەمەس، بەلكى مَفْعُولٌ فِيْهِ (ئورۇن تولدۇرغۇچىسى) غا ئۆتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تەنبىھ : پېئىلنىڭ پائىلى مُذَكّرٌ (ئەر) ياكى مُؤَنَّثٌ (ئايال) بولىدۇ. مەسىلەن :«ضَرَبَ زَيْدٌ»(زەيت ئۇردى)، «ضَرَبَتْ فَاطِمَةُ»(پاتىمە ئۇردى).

پېئىلنىڭ پائىلى بىر ياكى ئىككى ۋە ياكى ئۈنىڭدىن كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن: «ضَرَبَ»(ئۇردى بىر ئەر)، «ضَرَبَا» (ئۇردى ئىككى ئەر)، «ضَرَبُوا»(كۆپ ئەرلەر ئۇردى) دېگەنگە ئوخشاش.

پېئىلنىڭ پائىلى مُتَكَلِّمٌ (سۆزلىگۈچى)، مُخَاطَبٌ (ئاڭلىغۇچى) ۋە غَائِبٌ (ئۈچىنچى شەخس) بولىدۇ. مەسىلەن : «ضَرَبْتُ»(ئۇردۇم)، «ضَرَبْتَ» (ئۇردۇڭ)، «ضَرَبَ»(ئۇردى) دېگەنلەرگە ئوخشاش .

پائىلى مەلۇم بولغان پېئىلنى مَعْلُومٌ (ئېنىق دەرىجىدىكى) پېئىل دەيمىز . مەسىلەن : «ضَرَبَ»(ئۇردى) دېگەنگە ئوخشاش .

پائىلى مەلۇم بولمىغان پېئىلنى مَجْهُولٌ (مەجھۇل دەرىجىدىكى) پېئىل دەيمىز. مەسىلەن: «ضُرِبَ»(ئۇرۇلدى) دېگەنگە ئوخشاش.

مەلۇم پېئىلنى پائىل ئۈچۈن، مەجھۇل پېئىلنى بولسا مەپئۇل ئۈچۈن قۇرۇلدى دەيمىز.

ضَرْبٌ دېگەن مەسدەردىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ:

ضَرَبَ ماضى ، يَضْرِبُ مضارع ، ضَارِبٌ إسم فاعل ، مَضْرُوْبٌ إسم مفعول ، لَمْ يَضْرِبْ جحد ، لا يَضْرِبُ نفى ، إِضْرِبْ أمر حاضر ، لِيَضْرِبْ أمر غائب ، لا تَضْرِبْ نهى ، مَضْرِبٌ إسم زامان إسم ماكان ، مِضْرَابٌ إسم آلة ، أَضْرَبُ إسم تفضيل .

## الفعل الماضى

## ئۆتكەن زامان پېئىلى

مَاضِى نىڭ مەلۇم شەكلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ :

| | | | |
|---|---|---|---|
| ضَرَبَ | ئۇ ئۇردى | واحد مذكر غائبٍ | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇردى | تثنية مذكر غائبِين | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبُوا | ئۇلار ئۇردى | جمع مذكر غائبِينَ | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبَتْ | ئۇ ئۇردى (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبَتَا | ئۇ ئىككىسى ئۇردى (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَين | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبْنَ | ئۇلار ئۇردى (ئايال) | جمع مؤنث غائباتٍ | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبْتَ | سەن ئۇردۇڭ | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبْتُمَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇردۇڭلار | تثنية مذكر مخاطبِين | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبْتُمْ | سىلەر ئۇردۇڭلار | جمع مذكر مخاطبِينَ | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبْتِ | سەن ئۇردۇڭ (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبْتُمَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇردۇڭلار (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَين | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبْتُنَّ | سىلەر ئۇردۇڭلار (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبْتُ | مەن ئۇردۇم (ئەر - ئايالغا ئورتاق) | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| ضَرَبْنَا | بىز ئۇردۇق (ئەر - ئايالغا ئورتاق) | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

بۇلارنىڭ ئاۋۋالقى ئالتىسى غَائِبٌ (ئۈچىنچى شەخس) ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچى مُذَكَّرٌ (ئەرلىك) ئۈچۈن، كېيىنكى ئۈچى بولسا مُؤَنَّثٌ (ئاياللىق) ئۈچۈن كەلگەن .

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتىسى بولسا مُخَاطَبٌ (ئىككىنچى شەخس) ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچى مُذَكَّرٌ (ئەرلىك) ئۈچۈن ، كېيىنكى ئۈچى بولسا مُؤَنَّثٌ (ئاياللىق) ئۈچۈن كەلگەن .

ئەڭ ئاخىرقى ئىككىسى بولسا مُتَكَلِّمٌ (بىرىنچى شەخس) نىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكى ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئەر - ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.

مَاضِى پېئىلنى قانداق ئۇسۇلدا مَجْهُوْل قىلىمىز؟

مَاضِى پېئىلنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر - بىر ھەرىكەتلىك ھەرپىنى زەممەلىك قىلىش ئارقىلىق مَاضِى پېئىلنى مَجْهُوْل قىلىمىز. مەسىلەن : «ضَرَبَ» نى مَجْهُوْل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپى بولغان «رَ» نى كەسرەلىك قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ضَرِبَ» بولدى، ئىككىنچى قەدەمدە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپ بولغان «ضَ» نى زەممەلىك قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ضُرِبَ» بولدى . مانا بۇ «ضَرَبَ» نىڭ مَجْهُوْل شەكلىدۇر.

مَاضِى نىڭ مەجھۇل شەكلىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ضُرِبَ | ئۇ ئۇرۇلدى | واحد مذكر غائب | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلدى | تثنية مذكر غائبين | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبُوْا | ئۇلار ئۇرۇلدى | جمع مذكر غائبين | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبَتْ | ئۇ ئۇرۇلدى (ئايال) | واحدة مؤنث غائبة | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبَتَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلدى (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتين | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلدى (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتَ | سەن ئۇرۇلدۇڭ | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتُمَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلدۇڭلار | تثنية مذكر مخاطبين | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتُمْ | سىلەر ئۇرۇلدۇڭلار | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتِ | سەن ئۇرۇلدۇڭ (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتُمَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلدۇڭلار (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتين | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتُنَّ | سىلەر ئۇرۇلدۇڭلار (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْتُ | مەن ئۇرۇلدۇم | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| ضُرِبْنَا | بىز ئۇرۇلدۇق | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

# الفعل المُضَارِع

## هازىرقى زامان پېئىلى

مُضَارِع نىڭ مەلۇمى قانچە سىيغىدا كېلىدۇ ؟ قايسىلار ؟

مُضَارِع نىڭ مەلۇمى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ :

| | | | |
|---|---|---|---|
| يَضْرِبُ | ئۇ ئۇرىدۇ | واحد مذكر غائب | سىيغىسىدا . |
| يَضْرِبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرىدۇ | تثنية مذكر غائبين | سىيغىسىدا . |
| يَضْرِبُونَ | ئۇلار ئۇرىدۇ | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبُ | ئۇ ئۇرىدۇ (ئايال) | واحدة مؤنث غائبة | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرىدۇ (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتين | سىيغىسىدا . |
| يَضْرِبْنَ | ئۇلار ئۇرىدۇ (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| تَجْرِبُ | سەن ئۇرىسەن | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرىسىلەر | تثنية مذكر مخاطبين | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبُونَ | سىلەر ئۇرىسىلەر | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبِينَ | سەن ئۇرىسەن (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرىسىلەر (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتين | سىيغىسىدا . |
| تَضْرِبْنَ | سىلەر ئۇرىسىلەر (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| أَضْرِبُ | مەن ئۇرىمەن | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| نَضْرِبُ | بىز ئۇرىمىز | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا. |

يۇقىرىقى سىيغىلارنىڭ ئالدىدىكى «ي ، ت ، أ ، ن» قاتارلىق تۆت ھەرپ مۇزارىئە ھەرپى دەپ ئاتىلىدۇ.

مُضَارِعُ نى قانداق ئۇسۇلدا مەجهۇل قىلىمىز؟

مُضَارِعِ نىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى پەتھەلىك قىلىش ۋە مُضَارِعِ ھەرپىنى زەممەلىك قىلىش ئارقىلىق مەجهۇل قىلىمىز. مەسىلەن : «يَضْرِبُ» نى مەجهۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپى بولغان «رَ» نى فەتھەلىك قىلساق، «يَضْرَبُ» بولىدۇ، ئاندىن مُضَارِعِ ھەرپى بولغان «يـ » نى زەممەلىك قىلساق «يُضْرَبُ» بولىدۇ. مانا بۇ «يَضْرِبُ» نىڭ مەجهۇلىدۇر.

مُضَارِعِ نىڭ مەجهۇلىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| يُضْرَبُ | ئۇ ئۇرۇلىدۇ | واحد مذكر غائب | سىيغىسىدا . |
| يُضْرَبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلىدۇ | تثنية مذكر غائبين | سىيغىسىدا . |
| يُضْرَبُونَ | ئۇلار ئۇرۇلىدۇ | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبُ | ئۇ ئۇرۇلىدۇ (ئايال) | واحدة مؤنث غائبة | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلىدۇ (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتين | سىيغىسىدا . |
| يُضْرَبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلىدۇ (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبُ | سەن ئۇرۇلىسەن | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلىسىلەر | تثنية مذكر مخاطبين | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبُونَ | سىلەر ئۇرۇلىسىلەر | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبِيْنَ | سەن ئۇرۇلىسەن (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلىسىلەر (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتين | سىيغىسىدا . |
| تُضْرَبْنَ | سىلەر ئۇرۇلىسىلەر (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| أُضْرَبُ | مەن ئۇرۇلىمەن | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| نُضْرَبُ | بىز ئۇرۇلىمىز | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

## إسم الفاعل

## ئېنىق سۈپەتداش

سۇلاسى مۇجەررەتتىن ئىسىم پائىل قايسى ۋەزىندە كېلىدۇ؟

سۇلاسى مۇجەررەتتىن ئىسىم پائىل دائىم فَاعِلٌ ۋەزىندە كېلىدۇ. مەسىلەن:

«ضَارِبٌ»(ئۇرغۇچى) دېگەنگە ئوخشاش.

تۆۋەندىكىدەك ئالتە سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ضَارِبٌ | ئۇرغۇچى بىر ئەر | واحد مذكر | سىيغىسىدا . |
| ضَارِبَانِ | ئۇرغۇچى ئىككى ئەر | تثنية مذكر | سىيغىسىدا . |
| ضَارِبُونَ | ئۇرغۇچى كۆپ ئەرلەر | جمع مذكر | سىيغىسىدا . |
| ضَارِبَةٌ | ئۇرغۇچى بىر ئايال | واحدة مؤنث | سىيغىسىدا . |
| ضَارِبَتَانِ | ئۇرغۇچى ئىككى ئايال | تثنية مؤنث | سىيغىسىدا . |
| ضَارِبَاتٌ | ئۇرغۇچى كۆپ ئاياللار | جمع مؤنث | سىيغىسىدا . |

جمع مؤنث گاھىدا «ضَوَارِبُ» شەكلىدىمۇ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ «فَوَاعِلُ» ۋەزىندە.

سۇلاسى مۇجەررەت بولمىغان كەلىمىلەردىن ئىسىم پائىلنى قانداق ئۇسۇلدا ياسايمىز؟

سۇلاسى مۇجەررەت بولمىغان كەلىمىلەردىن ئىسىم پائىلنى شۇ كەلىمىنىڭ مۇزارىئىسىنىڭ مەلۇمىنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلىش ۋە مۇزارىئە ھەرپىنىڭ ئورنىغا زەممەلىك «مُ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسايمىز. مەسىلەن: «يُكْرِمُ» دىن ئىسىم پائىل ياساش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپى بولغان «ر» نى كەسرەلىك قىلساق «يُكْرِمُ» بولىدى، مۇزارىئە ھەرپى بولغان «يُـ» نىڭ ئورنىغا زەممەلىك «مُ» نى كەلتۈرسەك «مُكْرِمٌ»(ھۆرمەت قىلغۇچى) بولىدى. مانا بۇ أَكْرَمَ، يُكْرِمُ نىڭ ئىسىم پائىلىدۇر.

www.uyghurkitap.com

## صَفَةٌ مُشَبَّهَةٌ

### يېرىم سۈپەتداش

«صَفَةٌ مُشَبَّهَةٌ» دېگەن نېمە؟

لازىم پېئىللارنىڭ بەزىسىدىن ئىسىم پائىلنىڭ ئورنىغا ئىشتىقاق قىلىنىدىغان ئىسمىنى «صَفَةٌ مُشَبَّهَةٌ» دەيمىز. مەسىلەن : حَسَنَ ماضى ، يَحْسُنُ مضارع ، حَسَنٌ صِفَةٌ مُشَبَّهَةٌ (چىرايلىق بولغۇچى ) ، لم يَحْسُنْ جحد ، لا يَحْسُنُ نفى ، أُحْسُنْ أمر حاضر ، لِيَحْسُنْ أمر غائب ، لا تَحْسُنْ نهى حاضر، مَحْسَنٌ إسم زمان إسم ماكان ، مِحْسَانٌ إسم آلة ، أَحْسَنُ إسم تفضيل ·

مانا بۇ مىسالدا ئىسىم پائىل ئىشتىقاق قىلىنىشقا تېگىشلىك ئورۇندا «حَسَنٌ» دېگەن «صَفَةٌ مُشَبَّهَةٌ» ئىشتىقاق قىلىنغان.

صَفَةٌ مُشَبَّهَةٌ تۆۋەندىكىدەك ئون سەككىز خىل ۋەزىندە كېلىدۇ:

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى | ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| فَعْلٌ | صَعْبٌ | قىيىن | فَعِيلٌ | كَرِيمٌ | ھۆرمەتلىك |
| فِعْلٌ | صِفْرٌ | نۆل | فَعَالٌ | شُجَاعٌ | باتۇر |
| فُعْلٌ | حُرٌّ | ھۆر | فَعَالٌ | جَبَانٌ | قورقۇنچاق |
| فَعَلٌ | حَسَنٌ | چىرايلىق | فَيْعِلٌ | طَيِّبٌ | ياخشى |
| فَعِلٌ | فَطِنٌ | زېرەك | فَيْعَلٌ | صَيْهَدٌ | قاتتىق ئىسسىق |
| فُعُلٌ | جُنُبٌ | جۇنۇپ | فَعْلَالٌ | رَصْرَاصٌ | مۇستەھكەم |
| فَعْلَانٌ | عَطْشَانٌ | ئۇسسۇز | فُعْلَانٌ | عُرْيَانٌ | يالىڭاچ |
| فُعْلَى | حُبْلَى | ھامىلدار | أفْعَلُ | أعْرَجُ | ئاقساق |
| فَعْلَاءُ | وَجْنَاءُ | كۈچلۈك تۆگە | فَعْلَى | عَطْشَى | ئۇسسۇز خوتۇن |

## إسم المفعول

## مەجھۇل سۈپەتداش

سۇئالى مۇجەررەت بولغان كەلىمىلەردىن ئىسىم مەپئۇل قايسى ۋەزىندە كېلىدۇ؟

سۇئالى مۇجەررەت بولغان كەلىمىلەردىن ئىسىم مەپئۇل «مَفْعُوْلٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «مَضْرُوْبٌ» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ تۆۋەندىكىدەك ئالتە سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| مَضْرُوْبٌ | ئۇرۇلغۇچى بىر ئەر | واحد مذكر | سىيغىسىدا . |
| مَضْرُوْبَانِ | ئۇرۇلغۇچى ئىككى ئەر | تثنية مذكر | سىيغىسىدا . |
| مَضْرُوْبُوْنَ | ئۇرۇلغۇچى كۆپ ئەرلەر | جمع مذكر | سىيغىسىدا . |
| مَضْرُوْبَةٌ | ئۇرۇلغۇچى بىر ئايال | واحدة مؤنث | سىيغىسىدا . |
| مَضْرُوْبَتَانِ | ئۇرۇلغۇچى ئىككى ئايال | تثنية مؤنث | سىيغىسىدا . |
| مَضْرُوْبَاتٌ | ئۇرۇلغۇچى كۆپ ئاياللار | جمع مؤنث | سىيغىسىدا . |

جمع مؤنث گاھىدا «مَضَارِبُ» نىڭ شەكلىدىمۇ كېلىدۇ.

سۇئالى مۇجەررەت بولمىغان كەلىمىلەردىن ئىسىم مەپئۇلنى قانداق ئۇسۇلدا ياسايمىز؟

سۇئالى مۇجەررەت بولمىغان كەلىمىلەردىن ئىسىم مەپئۇلنى شۇ كەلىمىنىڭ مۇزارىئەسىنىڭ مەجھۇلىنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى فەتھەلىك قىلىش ۋە مۇزارىئە ھەرپىنىڭ ئورنىغا زەممەلىك «مُ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسايمىز. مەسىلەن: «يُكْرَمُ» دىن ئىسىم مەپئۇل ياساش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپى بولغان «رَ» نى فەتھەلىك قىلساق «يُكْرَمُ» بولدى، مۇزارىئە ھەرپى بولغان «يـ» نىڭ ئورنىغا زەممەلىك «مُ» نى كەلتۈرسەك «مُكْرَمٌ» بولدى. مانا بۇ أَكْرَمَ ، يُكْرِمُ نىڭ ئىسىم مەپئۇلدۇر.

الفعل الجحد

## ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

جەھەت پېئىلى قانداق ياسىلىدۇ؟

جەھەت پېئىلى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالدىغا «لَمْ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: «لَمْ يَضْرِبْ» دېگەنگە ئوخشاش.

«لَمْ» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلسە ئۇنىڭ مەنە ۋە شەكىللىرىگە قانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ؟

«لَمْ» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مۇزارىئە پېئىلىنىڭ مەنىسىنى مازىغا يۆتكەش بىلەن بىرگە ئىنكارنى ئىپادىلەيدۇ، شەكىل جەھەتتىن ئاخىرى سەھىھ بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ناقىس بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئىللەتلىك ھەرپىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ۋە تەسنى جەمئىلەرنىڭ نۇنلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما، جەمئى مۇئەننەسنىڭ نۇنى جەمئىلىكنىڭ بەلگىسى بولغانلىقتىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

جەھەت پېئىلىنىڭ مەلۇمى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| لَمْ يَضْرِبْ | ئۇ ئۇرمىدى | واحد مذكر غائب | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرمىدى | تثنية مذكر غائبَين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يَضْرِبُوْا | ئۇلار ئۇرمىدى | جمع مذكر غائبِين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبْ | ئۇ ئۇرمىدى (ئايال) | واحدة مؤنث غائبة | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرمىدى (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يَضْرِبْنَ | ئۇلارئۇرمىدى (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبْ | سەن ئۇرمىدىڭ | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرمىدىڭلار | تثنية مذكر مخاطبَين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبُوْا | سىلەر ئۇرمىدىڭلار | جمع مذكر مخاطبِين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبِي | سەن ئۇرمىدىڭ (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرمىدىڭلار (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تَضْرِبْنَ | سىلەر ئۇرمىدىڭلار (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| لَمْ أَضْرِبْ | مەن ئۇرمىدىم | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لَمْ نَضْرِبْ | بىز ئۇرمىدۇق | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |



www.uyghurkitap.com

جەھەت پېئىلىنىڭ مەجھۇلى قانداق ياسىلىدۇ؟

جەھەت پېئىلى مۇزارىئەنىڭ مەجھۇلىنىڭ ئالدىغا «لَمْ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

جەھەت پېئىلىنىڭ مەجھۇلىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| لَمْ يُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلمىدى | واحد مذكر غائب | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمىدى | تثنية مذكر غائبين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يُضْرَبُوا | ئۇلار ئۇرۇلمىدى | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلمىدى (ئايال) | واحدة مؤنث غائبة | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمىدى (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ يُضْرَبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلمىدى (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبْ | سەن ئۇرۇلمىدىڭ | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلمىدىڭلار | تثنية مذكر مخاطبين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبُوا | سىلەر ئۇرۇلمىدىڭلار | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبِي | سەن ئۇرۇلمىدىڭ (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلمىدىڭلار (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتين | سىيغىسىدا . |
| لَمْ تُضْرَبْنَ | سىلەر ئۇرۇلمىدىڭلار (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| لَمْ أُضْرَبْ | مەن ئۇرۇلمىدىم | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لَمْ نُضْرَبْ | بىز ئۇرۇلمىدۇق | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

www.uyghurkitap.com

## الفعل النفي

## كېلىچەك زامان بولۇشسىز پېئىلى

**نەفى پېئىلى قانداق ياسىلىدۇ؟**

نەفى پېئىلى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالدىغا «لا» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئۇ مۇزارىئەنىڭ مەنىسىنى نەفى قىلىدۇ. مەسىلەن : «لا يَضرِبُ»(ئۇ ئۇرمايدۇ) دېگەنگە ئوخشاش.

نەفى پېئىلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سېغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| لا يَضرِبُ | ئۇ ئۇرمايدۇ | واحد مذكر غائب | سېغىسىدا . |
| لا يَضرِبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرمايدۇ | تثنية مذكر غائبَين | سېغىسىدا . |
| لا يَضرِبُونَ | ئۇلار ئۇرمايدۇ | جمع مذكر غائبِينَ | سېغىسىدا . |
| لا تَضرِبُ | ئۇ ئۇرمايدۇ (ئايال) | واحدة مؤنث غائبة | سېغىسىدا . |
| لا تَضرِبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرمايدۇ (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَين | سېغىسىدا . |
| لا يَضرِبْنَ | ئۇلار ئۇرمايدۇ (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سېغىسىدا . |
| لا تَضرِبُ | سەن ئۇرمايسەن | واحد مذكر مخاطب | سېغىسىدا . |
| لا تَضرِبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرمايسىلەر | تثنية مذكر مخاطبين | سېغىسىدا . |
| لا تَضرِبُونَ | سىلەر ئۇرمايسىلەر | جمع مذكر مخاطبِين | سېغىسىدا . |
| لا تَضرِبِينَ | سەن ئۇرمايسەن (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سېغىسىدا . |
| لا تَضرِبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرمايسىلەر (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَين | سېغىسىدا . |
| لا تَضرِبْنَ | سىلەر ئۇرمايسىلەر (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سېغىسىدا . |
| لا أَضرِبُ | مەن ئۇرمايمەن | واحد مُتَكَلِّم | سېغىسىدا . |
| لا نَضرِبُ | بىز ئۇرمايمىز | جمع مُتَكَلِّم | سېغىسىدا . |

نەفى پېئىلىنىڭ مەجھۇلى قانداق ياسىلىدۇ؟

نەفى پېئىلى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ مەجھۇلىنىڭ ئالدىغا «لا» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

نەفى پېئىلىنىڭ مەجھۇلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| لا يُضْرَبُ | ئۇ ئۇرۇلمايدۇ | واحد مذكر غائب | سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمايدۇ | تثنية مذكر غائبين | سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبُونَ | ئۇلار ئۇرۇلمايدۇ | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبُ | ئۇ ئۇرۇلمايدۇ (ئايال) | واحدة مؤنث غائبة | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَانِ | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمايدۇ (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتين | سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلمايدۇ (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبُ | سەن ئۇرۇلمايسەن | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلمايسىلەر | تثنية مذكر مخاطبين | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبُونَ | سىلەر ئۇرۇلمايسىلەر | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبِيْنَ | سەن ئۇرۇلمايسەن (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَانِ | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلمايسىلەر (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتين | سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبْنَ | سىلەر ئۇرۇلمايسىلەر (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| لا أُضْرَبُ | مەن ئۇرۇلمايمەن | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لا نُضْرَبُ | بىز ئۇرۇلمايمىز | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

www.uyghurkitap.com

## الفعل الأمر

## بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر قانچە قىسمغا بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

ئەمىر هازىر ۋە ئەمىر غائىب دەپ ئىككى قىسمغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن : «إِضْرِبْ»(ئۇر!)

«لِيَضْرِبْ»(ئۇ ئۇرسۇن!) دېگەنگە ئوخشاش.

## أمر حاضر

## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر هازىرنى قانداق ئۇسۇلدا ياسايمىز ؟

ئەمىر هازىرنى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالتە مۇخاتەب سىيغىسىدىن پايدىلىنىپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ياسايمىز.

بىرىنچى باسقۇچتا مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا قارايمىز، ئەگەر سەھىھ بولسا ساكىن قىلىمىز . ئىللەتلىك ھەرپ بولسا ئىللەتلىك ھەرپىنىڭ ئۆزىنى تاشلايمىز. مەسىلەن :

تَضْرِبُ ، تَرْمِي ، تَمْنَعُ ، تَقَتُّلُ ، تُدَحْرِجُ ئەسلىي ھالىتى .

تَضْرِبْ ، تَرْمِ ، تَمْنَعْ ، تَقَتَّلْ ، تُدَحْرِجْ ئاخىرىسى جەزمى قىلىنغان ھالىتى.

ئىككىنچى باسقۇچتا مۇزارىئە ھەرپىنى تاشلايمىز، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا ئەمىر هازىرنى ياساپ بولغان بولىمىز . مەسىلەن :

تُدَحْرِجْ ئاخىرىسى جەزمى قىلىنغان ھالىتى.

دَحْرِجْ (يۇمىلات!) مۇزارىئە ھەرپى تاشلىنىپ ئەمىر ئېلىش تامام بولغان ھالىتى .

ئەگەر تاشلانغان مۇزارىئە ھەرپىدىن كېيىنكى ھەرپ ساكىنلىك بولسا پېئىلىنىڭ «ع» نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىگە قارايمىز، ئەگەر ئۇنىڭ ھەرىكىتى فەتھەلىك ياكى كەسرەلىك بولسا پېئىلىنىڭ ئالدىغا كەسرەلىك ھەمزىنى كەلتۈرىمىز. مەسىلەن :

تَضْرِبْ ، تَرْمِ ، تَمْنَعْ ، تَقَتَّلْ ئاخىرىسى جەزمى قىلىنغان ھالىتى .

ضْرِبْ ، رْمِ ، مْنَعْ جەزمى قىلىنغان ۋە مۇزارىئە ھەرپىمۇ تاشلانغان ھالىتى.

إِضْرِبْ ، إِرْمِ ، إِمْنَعْ ئەمىر ئېلىش تامام بولغان ھالىتى .

ئەگەر پېئىلنىڭ «ع» نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولسا پېئىلنىڭ ئالدىغا زەممەلىك ھەمزىنى كەلتۈرىمىز. مەسىلەن :

تَقْتُلْ ئاخىرىسى جەزمى قىلىنغان ھالىتى .

قْتُلْ جەزمى قىلىنغان ۋە مۇزارىئە ھەرپىمۇ تاشلانغان ھالىتى .

أُقْتُلْ (ئۆلتۈر!) ئەمىر ئىلىش تامام بولغان ھالىتى .

ئەمىر ھازىر تۆۋەندىكىدەك ئالتە سىيغىدا كېلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| إِضْرِبْ | ئۇر ! | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇڭلار! | تثنية مذكر مخاطبِين | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبُوا | ئۇرۇڭلار! | جمع مذكر مخاطبِينَ | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبِيْ | ئۇر! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇڭلار ! (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتِين | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبْنَ | ئۇرۇڭلار! (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |

www.uyghurkitap.com

## أمر غائب

## ئۈچىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمر غائىب قانداق ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ ؟

ئەمر غائىب مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالدىغا كەسرەلىك «لِ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن : «لِيَضْرِبْ» دېگەنگە ئوخشاش.

«لِ» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مەنە ۋە شەكىللىرىدە قانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ؟

«لِ» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مەنىسىنى خەۋەر بېرىشتىن تەلەپ قىلىشقا يۆتكەپ بۇيرۇق مەنىسىنى قوشىدۇ، شەكىل جەھەتتىن ئاخىرى سەھىھ بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى، ناقىس بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئىللەتلىك ھەرپىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ۋە تەسنى جەمئىيلەرنىڭ نۇنلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما جەمئىي مۇئەننەسنىڭ نۇنى جەمئىيلىكنىڭ بەلگىسى بولغانلىقتىن ئۇنى چۈشۈرمەيدۇ .

ئەمر غائىبنىڭ مەلۇمى تۆۋەندىكىدەك سەككىز سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| لِيَضْرِبْ | ئۇ ئۇرسۇن ! | واحد مذكر غائبٌ | سىيغىسىدا . |
| لِيَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرسۇن ! | تثنية مذكر غائبَين | سىيغىسىدا . |
| لِيَضْرِبُوا | ئۇلار ئۇرسۇن ! | جمع مذكر غائبِينَ | سىيغىسىدا . |
| لِتَضْرِبْ | ئۇ ئۇرسۇن ! (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٌ | سىيغىسىدا . |
| لِتَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرسۇن ! (ئايال) | تثنية مؤنث غائبَتَين | سىيغىسىدا . |
| لِيَضْرِبْنَ | ئۇلار ئۇرسۇن ! (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لِأَضْرِبْ | مەن ئۇراي ! | واحد مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |
| لِنَضْرِبْ | بىز ئۇرايلى ! | جمع مُتَكَلِّم | سىيغىسىدا . |

ئەمر غائىبنىڭ مەجھۇلى قانداق ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ؟

ئەمر غائىب مۇزارىئە پېئىلىنىڭ مەجھۇلىنىڭ ئالدىغا كەسرەلىك «لِ» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «لِيُضْرَبْ» دېگەنگە ئوخشاش.

ئەمر غائىبنىڭ مەجھۇلى تۈۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| لِيُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلسۇن! | واحد مذكر غائب | سىيغىسىدا . |
| لِيُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلسۇن! | تثنية مذكر غائبين | سىيغىسىدا . |
| لِيُضْرَبُوا | ئۇلار ئۇرۇلسۇن! | جمع مذكر غائبينَ | سىيغىسىدا . |
| لِتُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلسۇن! (ئايال) | واحدة مؤنث غائبة | سىيغىسىدا . |
| لِتُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلسۇن! (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتين | سىيغىسىدا . |
| لِيُضْرَبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلسۇن! (ئايال) | جمع مؤنث غائبات | سىيغىسىدا . |
| لِتُضْرَبْ | سەن ئۇرۇلغىن! | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| لِتُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلۇڭلار! | تثنية مذكر مخاطبين | سىيغىسىدا . |
| لِتُضْرَبُوا | سىلەر ئۇرۇلۇڭلار! | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| لِتُضْرَبِي | سەن ئۇرۇلغىن! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| لِتُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلۇڭلار! (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتين | سىيغىسىدا . |
| لِتُضْرَبْنَ | سىلەر ئۇرۇلۇڭلار! (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |
| لِأُضْرَبْ | مەن ئۇرۇلاي! | واحد مُتكلّم | سىيغىسىدا . |
| لِنُضْرَبْ | بىز ئۇرۇلايلى! | جمع مُتكلّم | سىيغىسىدا . |

www.uyghurkitap.com

## الفعل النهي

## چەكلەش پېئىلى

نەھى پېئىلى قانداق ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ ؟

نەھى پېئىلى مۇزارىئە پېئىلىنىڭ ئالدىغا «لَا» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ .

مەسىلەن : «لَايَضْرِبْ» دېگەنگە ئوخشاش .

«لَا» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مەنە ۋە شەكىللىرىدە قانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ؟

«لَا» مۇزارىئەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ مەنىسىنى خەۋەر بېرىشتىن تەلەپ قىلىشقا يۆتكەپ چەكلەش مەنىسىنى قوشىدۇ، شەكىل جەھەتتىن ئاخىرى سەھىھ بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ناقىس بولغان پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىدىن ئىللەتلىك ھەرپىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ۋە تەسنى جەمئىلەرنىڭ نۇنلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما جەمئى مۇئەننەسنىڭ نۇنى جەمئىلىكنىڭ بەلگىسى بولغانلىقتىن ئۇنى چۈشۈرمەيدۇ .

نەھى پېئىلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ :

| | | |
|---|---|---|
| لا يَضْرِبْ | ئۇ ئۇرمىسۇن! | واحد مذكر غائب سيغىسىدا . |
| لا يَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرمىسۇن! | تثنية مذكر غائبين سيغىسىدا . |
| لا يَضْرِبُوا | ئۇلار ئۇرمىسۇن! | جمع مذكر غائبينَ سيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبْ | ئۇ ئۇرمىسۇن! (ئايال) | واحدة مؤنث غائبة سيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرمىسۇن! (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَين سيغىسىدا . |
| لا يَضْرِبْنَ | ئۇلار ئۇرمىسۇن! (ئايال) | جمع مؤنث غائبات سيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبْ | سەن ئۇرمىغىن! | واحد مذكر مخاطب سيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرماڭلار! | تثنية مذكر مخاطبين سيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبُوا | سىلەر ئۇرماڭلار! | جمع مذكر مخاطبينَ سيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبِي | سەن ئۇرمىغىن! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة سيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرماڭلار ! (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَين سيغىسىدا . |
| لا تَضْرِبْنَ | سىلەر ئۇرماڭلار! (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات سيغىسىدا . |
| لا أَضْرِبْ | مەن ئۇرماي ! | واحد مُتكَلِّم سيغىسىدا . |
| لا نَضْرِبْ | بىز ئۇرمايلى! | جمع مُتكَلِّم سيغىسىدا . |

نەھى پېئىلنىڭ مەجھۇلى قانداق ياسىلىدۇ ؟

نەھى پېئىلى مۇزارىئە پېئىلنىڭ مەجھۇلىنىڭ ئالدىغا «لا» نى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ .

نەھى پېئىلنىڭ مەجھۇلى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت سىيغىدا كېلىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| لا يُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلمىسۇن! | واحد مذكر غائبٍ سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمىسۇن! | تثنية مذكر غائبَينِ سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبُوا | ئۇلار ئۇرۇلمىسۇن! | جمع مذكر غائبِينَ سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبْ | ئۇ ئۇرۇلمىسۇن! (ئايال) | واحدة مؤنث غائبةٍ سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَا | ئۇ ئىككىسى ئۇرۇلمىسۇن! (ئايال) | تثنية مؤنث غائبتَينِ سىيغىسىدا . |
| لا يُضْرَبْنَ | ئۇلار ئۇرۇلمىسۇن! (ئايال) | جمع مؤنث غائبات سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبْ | سەن ئۇرۇلمىغىن! | واحد مذكر مخاطب سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلماڭلار! | تثنية مذكر مخاطبَينِ سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبُوا | سىلەر ئۇرۇلماڭلار! | جمع مذكر مخاطبِينَ سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبِي | سەن ئۇرۇلمىغىن! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبَا | سىلەر ئىككىڭلار ئۇرۇلماڭلار! (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتَينِ سىيغىسىدا . |
| لا تُضْرَبْنَ | سىلەر ئۇرۇلماڭلار! (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات سىيغىسىدا . |
| لا أُضْرَبْ | مەن ئۇرۇلماي! | واحد مُتَكَلِّم سىيغىسىدا . |
| لا نُضْرَبْ | بىز ئۇرۇلمايلى! | جمع مُتَكَلِّم سىيغىسىدا . |

www.uyghurkitap.com

## نونا التأكيد

## تەكىتتنىڭ نۇنى

تەكىتتنىڭ نۇنى دېگەن نېمە ؟
كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەخىرىسىغا قوشۇلىدىغان نۇننى تەكىتتنىڭ نۇنى دەيمىز. مەسىلەن : «إِضْرِبَنْ»(چوقۇم ئۇرغىن!)، «إِضْرِبَنَّ»(چوقۇم ئۇرغىن جۇمۇ!) دېگەنگە ئوخشاش.
تەكىتتنىڭ نۇنلىرى قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟
تەكىتتنىڭ نۇنلىرى نۇنى تەكىت خەفىفە ۋە نۇنى تەكىت سەقىلە دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.
نۇنى تەكىت خەفىفە دېگەن نېمە ؟
نۇنى تەكىت خەفىفە دېگىنىمىز ساكىنلىق نۇندۇر. مەسىلەن: «إِضْرِبَنْ»(چوقۇم ئۇرغىن!) دېگەنگە ئوخشاش .
نۇنى تەكىت سەقىلە دېگەن نېمە؟
نۇنى تەكىت سەقىلە دېگىنىمىز تەشتىتلىك نۇندۇر. مەسىلەن : «إِضْرِبَنَّ»(چوقۇم ئۇرغىن جۇمۇ!) دېگەنگە ئوخشاش .
نۇنى تەكىت خەفىفە قايسى سىيغىلارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ؟
نۇنى تەكىت خەفىفە پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكىللىرىنىڭ ۋە جەمئى مۇزەككەرلىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| إِضْرِبَنْ | چوقۇم ئۇرغىن! | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبُنْ | چوقۇم ئۇرۇڭلار! | جمع مذكر مخاطبين | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبِنْ | چوقۇم ئۇرغىن! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |

نۇنى تەكىت سەقىلە قايسى سىيغىلارغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ؟
نۇنى تەكىت سەقىلە كېلەچەك زامان پېئىلىنىڭ ھەممە سىيغىسىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| إِضْرِبَنَّ | چوقۇم ئۇرغىن جۇمۇ ! | واحد مذكر مخاطب | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبَانِّ | سىلەر ئىككىڭلار چوقۇم ئۇرۇڭلار جۇمۇ! | تثنية مذكر مخاطبين | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبُونَّ | چوقۇم ئۇرۇڭلار جۇمۇ! | جمع مذكر مخاطبينَ | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبِنَّ | چوقۇم ئۇرغىن جۇمۇ! (ئايال) | واحدة مؤنث مخاطبة | سىيغىسىدا . |
| إِضْرِبَانِّ | سىلەر ئىككىڭلار چوقۇم ئۇرۇڭلار جۇمۇ! (ئايال) | تثنية مؤنث مخاطبتين | سىيغىسىدا. |
| إِضْرِبْنَانِّ | چوقۇم ئۇرۇڭلار جۇمۇ! (ئايال) | جمع مؤنث مخاطبات | سىيغىسىدا . |

تەنبىھ : ئەمىر غائىب ۋە نەھى قاتارلىقلارنى يۇقىرىقى مىسالغا قىياس قىلىسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن : لِيَضْرِبَنْ (ئۇ چوقۇم ئۇرسۇن !) ، لِيَضْرِبَنَّ (ئۇ چوقۇم ئۇرسۇن جۇمۇ!)، لاَيَضْرِبَنْ (ئۇ ھەرگىز ئۇرمىسۇن!)، لاَيَضْرِبَنَّ ( ئۇ ھەرگىز ئۇرمىسۇن جۇمۇ!) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## إسم زمان و إسم ماكان
## ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسمىدىشى

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ يَفْعَلُ بابىدىن ۋە مىسال بولغان كەلىمىلەردىن كۆپىنچە «مَفْعَلٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «مَضْرَبٌ» (ئۇرىدىغان ئورۇن ياكى ئۇرىدىغان ۋاقىت)، «مَوعِدٌ» (ۋەدە قىلىدىغان ئورۇن ياكى ۋەدە قىلىدىغان ۋاقىت) دېگەنگە ئوخشاش.

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ يَفْعِلُ بابىدىن باشقا بابلاردىن ۋە ناقىس بولغان كەلىمىلەردىن كۆپىنچە «مَفْعَلٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «مَنْصَرٌ»(ياردەم قىلىدىغان ئورۇن ياكى ياردەم قىلىدىغان ۋاقىت)، «مَرْمًى»(ئاتىدىغان ئورۇن ياكى ئاتىدىغان ۋاقىت) دېگەنگە ئوخشاش.

_ ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان سۇلاسى مۇجەررەتتىن باشقا بابلاردىن شۇ بابنىڭ ئىسىم مەپئۇلىنىڭ ۋەزنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : «مُكْرَمٌ»(ھۆرمەت قىلىدىغان ئورۇن ياكى ھۆرمەت قىلىدىغان ۋاقىت)، «مُفَرَّحٌ، مُدَحْرَجٌ ، مُتَدَحْرَجٌ» دېگەنگە ئوخشاش .

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان تۆۋەندىكىدەك ئۈچ سىيغىدا كېلىدۇ :

| | | | |
|---|---|---|---|
| مَضْرَبٌ | ئۇرىدىغان بىر ئورۇن ياكى ئۇرىدىغان بىر ۋاقىت | واحد | سىيغىسىدا . |
| مَضْرَبَانِ | ئۇرىدىغان ئىككى ئورۇن ياكى ئۇرىدىغان ئىككى ۋاقىت | تثنية | سىيغىسىدا . |
| مَضَارِبُ | ئۇرىدىغان كۆپ ئورۇن ياكى ئۇرىدىغان كۆپ ۋاقىت | جمع | سىيغىسىدا . |

## إسم الآلة
## ۋاستە ئىسمىدىشى

ئىسىم ئالەت سۇلاسى مۇجەررەتتىن قايسى ۋەزىندە كېلىدۇ؟

ئىسىم ئالەت سۇلاسى مۇجەررەتتىن «مِفْعَلٌ»، «مِفْعَلَةٌ» ۋە «مِفْعَالٌ» ۋەزىنلىرىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن : مِصْطَرٌ (سىزغۇچ) ، مِكْنَسَةٌ ( سۈپۈرگە)، مِفْتَاحٌ (ئاچقۇچ) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

| | | | |
|---|---|---|---|
| مِضْرَابٌ | ئۇرىدىغان قورال | واحد | سىيغىسىدا . |
| مِضْرَابَانِ | ئۇرىدىغان ئىككى قورال | تثنية | سىيغىسىدا . |
| مَضَارِبُ | ئۇرىدىغان قوراللار | جمع | سىيغىسىدا . |

تەنبىھ : ئىسىم ئالەت سۇلاسى مۇجەررەتتىن باشقا بابلاردىن كەلمەيدۇ .

## إسم التفضيل

## ئاشۇرما سۈپەتداش

ئىسم تەفزيل سۈلاسى مۇجەررەتتىن قايسى ۋەزىندە كېلىدۇ؟

ئىسم تەفزيل سۈلاسى مۇجەررەتتىن ئەرلەر ئۈچۈن «أَفْعَلُ» ۋەزىندە، ئاياللار ئۈچۈن «فُعْلي» ۋەزىندە كېلىدۇ. مەسىلەن: «أَضْرَبُ» (ئۇرغۇچىراق )، «ضُرْبى» (ئۇرغۇچىراق ئايال) دېگەنگە ئوخشاش.

ئىسم تەفزيل تۆۋەندىكىدەك ئالتە سىيغىدا كېلىدۇ :

| | | | |
|---|---|---|---|
| أَضْرَبُ | ئۇرغۇچىراق كىشى | واحد مذكر | سىيغىسىدا. |
| أَضْرَبَانِ | ئۇرغۇچىراق ئىككى كىشى | تثنية مذكر | سىيغىسىدا. |
| أَضْرَبُونَ | ئۇرغۇچىراق كىشىلەر | جمع مذكر | سىيغىسىدا. |
| ضُرْبَى | ئۇرغۇچىراق ئايال | واحدة مؤنث | سىيغىسىدا. |
| ضُرْبَيَانِ | ئۇرغۇچىراق ئىككى ئايال | تثنية مؤنث | سىيغىسىدا. |
| ضُرْبَيَاتٌ | ئۇرغۇچىراق ئاياللار | جمع مؤنث | سىيغىسىدا. |

تەنبىھ : ئىسم تەفزيل سۈلاسى مۇجەررەتتىن باشقا بابلاردا كەلمەيدۇ .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نوع الصرف تمام

فصل ابواب الأفعال

## پېئىللارنىڭ بابلىرى ھەققىدىكى پەسىل

ئەرەب تىلىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان پېئىللار سۇلاسى مۇجەررەت، سۇلاسى مەزىت، رۇبائى مۇجەررەت ۋە رۇبائى مەزىت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .

بۇ تۆت قىسىم يىگىرمە ئىككى بابقا بۆلۈنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى سۇلاسى مۇجەررەت ئالتە بابقا بۆلۈنىدۇ . ئۇلار :

1) فَعَلَ - يَفْعِلُ 2) فَعَلَ - يَفْعُلُ 3) فَعَلَ - يَفْعَلُ 4) فَعِلَ - يَفْعَلُ 5) فَعِلَ - يَفْعِلُ 6) فَعُلَ - يَفْعُلُ . قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بىز تۆۋەندە ئالدى بىلەن مۇشۇ ئالتە باب بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ ئۆتىمىز، ئاندىن كېيىن قالغان ئون ئالتە باب بىلەن تونۇشىمىز.

### بىرىنچى باب

سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ بىرىنچى بابى فَعَلَ ، يَفْعِلُ بابى بولۇپ، بۇ بابنىڭ مەستىرى تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل ۋەزىندە كېلىدۇ .

| ۋەزىنلەر | مىساللار | مەنىلىرى | ۋەزىنلەر | مىساللار | مەنىلىرى |
|---|---|---|---|---|---|
| فَعْلٌ | ضَرْبٌ | ئۇرماق | فِعْلٌ | نَبِحٌ | قاۋىماق |
| فُعُوْلٌ | جُلُوْسٌ | ئولتۇرماق | فَعْلَانٌ | لَوَيَانٌ | ئەگمەك |
| فِعْلٌ | كِذْبٌ | يالغان سۆزلىمەك | فِعَالٌ | صِرَافٌ | قايتۇرماق |
| فَعَلَةٌ | غَلَبَةٌ | غەلىبە قىلماق | فَعَالٌ | قَضَاءٌ | ھۆكۈم قىلماق |
| فِعَالَةٌ | حِمَايَةٌ | قوغدىماق | فُعَلٌ | هُدَىٌ | توغرا يولنى كۆرسەتمەك |
| فُعْلَانٌ | غُفْرَانٌ | كەچۈرمەك | فِعْلَانٌ | عِصْيَانٌ | ئاسى بولماق |

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال ضَرَبَ ، يَضْرِبُ بولۇپ بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتتى .

تۆۋەندە بىز مۇشۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسالنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز .

بىرىنچى بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال فَرَّ ، يَفِرُّ بولۇپ مەستىرى فِرَارٌ (قاچماق) كىلىدۇ، بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ.

فَرَّ ماضى، يَفِرُّ مضارع ، فَارٌّ إسم فاعل ، مَفْرُورٌ إسم مفعول ، لم يَفِرَّ جحد ، لَايَفِرُّ نفى ، فِرَّ أمر حاضر ، لِيَفِرَّ أمر غائب ، لاتَفِرَّ نهى ، مَفِرٌّ إسم زامان إسم ماكان ، مِفْرَارٌ إسم آلة ، أَفَرُّ إسم تفضيل .

## الفعل الماضى
## ئۆتكەن زامان پېئىلى

فَرَّ نىڭ ئەسلىيسى فَرَرَ بولۇپ، ئاۋۋالقى «رَ» نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىساق فَرْرَ بولدى، ئاۋۋالقى «رْ» نى ئىككىنچى «رَ» غا ئىدغام (كىرىشتۈرسەك) قىلساق فَرَّ (ئۇ قاچتى) بولدى.

بىرىنچى قائىدە : ئوخشاش بولغان ئىككى ھەرپ بىر يەردە بولۇپ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق، ئىككىنچىسى ھەرىكەتلىك بولسا ئاۋۋالقىسىنى ئىككىنچىسىگە ئىدغام قىلىمىز.

بۇ بابنىڭ مازىسى فَرَّ بولۇپ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

فَرَّ ، فَرَّا ، فَرُّوا ، فَرَّتْ ، فَرَّتَا ، فَرَرْنَ ، فَرَرْتَ ، فَرَرْتُمَا ، فَرَرْتُمْ ، فَرَرْتِ ، فَرَرْتُمَا ، فَرَرْتُنَّ ، فَرَرْتُ ، فَرَرْنَا .

فَرَّ نىڭ مەجھۇلى فُرَّ كىلىدۇ .

فَرَّ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرىمىز . شۇنىڭ بىلەن فَرَرَ بولدى، ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق فَرِرَ بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق فُرِرَ بولدى، ئاۋۋالقى «رِ» نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋەتسەك فُرْرَ بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئاۋۋالقى «رْ» نى ئىككىنچى «رَ» غا ئىدغام قىلساق فُرَّ (ئۇ قاچۇرۇلدى) بولدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

فُرَّ ، فُرَّا ، فُرُّوا ، فُرَّتْ ، فُرَّتَا ، فُرِرْنَ ، فُرِرْتَ ، فُرِرْتُمَا ، فُرِرْتُمْ ، فُرِرْتِ ، فُرِرْتُمَا ، فُرِرْتُنَّ ، فُرِرْتُ ، فُرِرْنَا .

مۇزائەپ سۇلاسىنىڭ مازىسىنىڭ ئاۋۋالقى بەش سىيغىسىدىلا ئىدغام قىلىش زۆرۈر، ئەمما قالغان سىيغىلىرىدا ئىدغام قىلىشقا بولمايدۇ .

## الفعل المُضَارِع

## هازىرقى زامان پېئىلى

يَفِرُّ ئەسلىدە يَفْرِرُ ئىدى، ئاۋۋالقى «رِ» نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَفِرْرُ بولدى، ئاۋۋالقى «رْ» نى ئىككىنچى «رُ» غا ئىدغام قىلساق يَفِرُّ (ئۇ قاچىدۇ) بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

يَفِرُّ ، يَفِرَّانِ ، يَفِرُّوْنَ ، تَفِرُّ ، تَفِرَّانِ ، يَفْرِرْنَ ، تَفِرُّ ، تَفِرَّانِ ، تَفِرُّوْنَ ، تَفِرِّيْنَ ، تَفِرَّانِ ، تَفْرِرْنَ ، أَفِرُّ ، نَفِرُّ.

يَفِرُّ نىڭ مەجھۇلى يُفَرُّ كېلىدۇ.

يَفِرُّ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق يَفْرِرُ بولدى، ئۇنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى فەتھەلىك قىلساق يَفْرَرُ بولدى، مۇزارىئە ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق يُفْرَرُ بولدى، ئۇنى ئىدغام قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋالقى «رَ» نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يُفَرْرُ بولدى، ئاۋۋالقى «رْ» نى ئىككىنچى «رُ» غا ئىدغام قىلساق يُفَرُّ (ئۇ قاچۇرۇلىدۇ) بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

يُفَرُّ ، يُفَرَّانِ ، يُفَرُّوْنَ ، تُفَرُّ ، تُفَرَّانِ ، يُفْرَرْنَ ، تُفَرُّ ، تُفَرَّانِ ، تُفَرُّوْنَ ، تُفَرِّيْنَ ، تُفَرَّانِ ، تُفْرَرْنَ ، أُفَرُّ ، نُفَرُّ.

مۇزائەپ سۇلاسىنىڭ مۇزارىئەسىنىڭ غائىبات ۋە مۇخاتەبات سىيغىلىرىدىن باشقا سىيغىلىرىنى ئىدغام قىلىش زۆرۈر.

ئىدغام قىلغاندا ئوخشاش ئىككى ھەرپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ھەرىكەتلىك ياكى مەد ھەرپى بولۇپ قالسا ئوخشاش بولۇپ قالغان ئىككى ھەرپنىڭ ئاۋۋالقىسىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىمىز، ئەگەر، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولۇپ قالسا ئوخشاش بولۇپ قالغان ئىككى ھەرپنىڭ ئاۋۋالقىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپكە بېرىمىز . مەسىلەن : فَرَرَ فَارِرٌ يَفْرِرُ

فَرْرَ فَارْرٌ يَفِرْرُ

## إسم الفاعل
## ئىنىق سۈپەتداش

فَرَّ ، يَفِرُّ دىن ئىسىم پائىل فَارٌّ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ ئەسلىدە فَارِرٌ ئىدى، ئاۋۋالقى «رِ» نىڭ ئالدىدىكى «ا» مەد ھەرپى بولۇپ قالغانلىقتىن ئاۋۋالقى «رِ» نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋەتسەك فَارْرٌ بولىدى، ئاۋۋالقى «رِ» نى ئىككىنچى «رٌ» غا ئىدغام قىلساق فَارٌّ (قاچقۇچى) بولىدى. ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

فَارٌّ ، فَارَّانِ ، فَارُّوْنَ ، فَارَّةٌ ، فَارَّتَانِ ، فَارَّاتٌ .

## إسم المفعول
## مەجھۇل سۈپەتداش

فَرَّ يَفِرُّ دىن ئىسىم مەپئۇل مَفْرُوْرٌ (قاچۇرۇلغۇچى) كېلىدىغان بولۇپ ئۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَفْرُوْرٌ ، مَفْرُوْرَانِ ، مَفْرُوْرُوْنَ ، مَفْرُوْرَةٌ ، مَفْرُوْرَتَانِ، مَفْرُوْرَاتٌ .

## الفعل الجحد
## ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

بىرىنچى بابنىڭ مۇزائەپ سۇلاسىلىرى جەزمى قىلىنغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاخىرىنى فەتھەلىك ، كەسرەلىك ۋە ئىدغامنى ئايرىپ ساكىنلىق ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوقۇش دۇرۇس.

مەسىلەن : لَمْ يَفِرَّ ، لَمْ يَفِرِّ ، لَمْ يَفْرِرْ ، فِرَّ ، فِرِّ ، إِفْرِرْ ( قاچقىن ! ) دېگەنگە ئوخشاش .

جەھەتنىڭ لَمْ يَفِرَّ ، لَمْ يَفِرِّ ، لَمْ يَفْرِرْ (ئۇ قاچمىدى)، دىن ئىبارەت ئۈچ خىل كېلىشى دۇرۇس .

جەھەتنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لَمْ يَفِرَّ، لَمْ يَفِرَّا ، لَمْ يَفِرُّوْا ، لَمْ تَفِرَّ ، لَمْ تَفِرَّا ، لَمْ يَفْرِرْنَ ، لَمْ تَفِرَّ ، لَمْ تَفِرَّا ، لَمْ تَفِرُّوْا ، لَمْ تَفِرِّيْ ، لَمْ تَفِرَّا ، لَمْ تَفْرِرْنَ ، لَمْ أَفِرَّ ، لَمْ نَفِرَّ.

جەھەتنىڭ مەجھۇلى لَمْ يُفَرَّ ، لَمْ يُفَرِّ ، لَمْ يُفْرَرْ (ئۇ قاچۇرۇلمىدى) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل كېلىشى دۇرۇس. ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لَمْ يُفَرَّ، لَمْ يُفَرَّا ، لَمْ يُفَرُّوْا ، لَمْ تُفَرَّ ، لَمْ تُفَرَّا ، لَمْ يُفْرَرْنَ ، لَمْ تُفَرَّ ، لَمْ تُفَرَّا ، لَمْ تُفَرُّوْا ، لَمْ تُفَرِّيْ ، لَمْ تُفَرَّا ، لَمْ تُفْرَرْنَ ، لَمْ أُفَرَّ ، لَمْ نُفَرَّ.



www.uyghurkitap.com

## الفعل النفي

## كېلىچەك زامان بولۇشسىز پېئىلى

نەفى لَايَفِرُّ (ئۇ قاچمايدۇ) كېلىدۇ.

لَايَفِرُّ ، لَايَفِرَّانِ ، لَايَفِرُّوْنَ ، لَاتَفِرُّ ، لَاتَفِرَّانِ ، لَايَفْرِرْنَ ، لَاتَفِرُّ ، لَاتَفِرَّانِ ، لَاتَفِرُّوْنَ ، لَاتَفِرِّيْنَ ، لَاتَفِرَّانِ ، لَاتَفْرِرْنَ ، لَاأَفِرُّ ، لَانَفِرُّ.

نەفىنىڭ مەجھۇلى لَايُفَرُّ (ئۇ قاچۇرۇلمايدۇ) كېلىدۇ . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لَايُفَرُّ ، لَايُفَرَّانِ ، لَايُفَرُّوْنَ ، لَاتُفَرُّ ، لَاتُفَرَّانِ ، لَايُفْرَرْنَ ، لَاتُفَرُّ ، لَاتُفَرَّانِ ، لَاتُفَرُّوْنَ ، لَاتُفَرِّيْنَ ، لَاتُفَرَّانِ ، لَاتُفْرَرْنَ ، لَاأُفَرُّ ، لَانُفَرُّ.

## الفعل الأمر

## بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر ھازىر فِرَّ (قاچقىن!) كېلىدۇ .

فِرَّ تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ :

ئاۋۋال بۇ پېئىلنىڭ مۇزارىئەسىنىڭ مۇخاتەب سىيغىسى بولغان تَفِرُّ نىڭ ئاخىرىغا قارىساق ئىدغاملىق بولۇپ ئۇنى ئۈچ خىل ئوقۇش دۇرۇس بولىدى، شۇنىڭ بىلەن فەتھەنى تاللىدۇق، تَفِرَّ بولدى، مۇزارىئە ھەرپى بولغان «تَـ» نى تاشلىساق ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغانلىقتىن ئەمىر فِرَّ بولدى . ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

فِرَّ ، فِرَّا ، فِرُّوْا ، فِرِّيْ ، فِرَّا ، إِفْرِرْنَ .

ئۇنىڭغا تەكىتنىڭ نۇنلىرىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

نۇن تەكىت خەفىفىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى :

فِرَّنْ (چوقۇم قاچقىن!) ، فِرُّنْ (چوقۇم قېچىڭلار!) ، فِرِّنْ (چوقۇم قاچقىن!) (ئايال).

ئۇنىڭغا نۇن تەكىت سەقىلەنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى: فِرَّنَّ ، فِرَّانِّ ، فِرُّنَّ ، فِرِّنَّ ، فِرَّانِّ ، إِفْرِرْنَانِّ .

تەنبىھ : ئەمىر غائىب ۋە نەھىلەرنىڭ تۈرلىنىشى جەھەتنىڭ تۈرلىنىشى بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىنىۋېلىڭ.

## إسم زمان و إسم ماكان

## ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسمىدىشى

فَرَّ ، يَفِرُّ نىڭ ئىسىم زامان، ئىسىم ماكانى مَفِرٌّ (قاچىدىغان ئورۇن ياكى قاچىدىغان ۋاقىت) كېلىدۇ .
ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَفِرٌّ ، مَفِرَّانِ ، مَفَارِرُ.

## إسم الآلة

## ۋاستە ئىسمىدىشى

فَرَّ ، يَفِرُّ نىڭ ئىسىم ئالىتى مِفْرَارٌ (قاچىدىغان قورال) كېلىدۇ . ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مِفْرَارٌ ، مِفْرَارَانِ ، مَفَارِيْرُ .

## إسم التفضيل

## ئاشۇرما سۈپەتداش

فَرَّ ، يَفِرُّ نىڭ ئىسىم تەفزىيلى أَفَرُّ (قاچقۇچىراق كىشى) كېلىدۇ. ئۇنىڭ سىيغىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

أَفَرُّ ، أَفَرَّانِ ، أَفَرُّوْنَ ، فُرَّىٰ ، فُرَّيَانِ ، فُرَّيَاتٌ .

بىرىنچى بابنىڭ مىسال بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال وَثَبَ ، يَثِبُ بولۇپ، مەستىرى وَثْبًا ، ثِبَةً (سەكرىمەك) كېلىدۇ .

تەنبىھ : بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋلىرىنىڭ مەستەرلىرىنىڭ ئالدىدىكى «وَ» ھەرپىنى ھەزىپ قىلىپ ئاخىرىغا «ةً» ھەرپىنى كەلتۈرۈش دۇرۇس . مەسىلەن : ثِبَةً دېگەنگە ئوخشاش .
بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ:

وَثَبَ ماضى ، يَثِبُ مضارع، وَاثِبٌ إسم فاعل ، مَوْثُوْبٌ إسم مفعول ، لم يَثِبْ جحد ، لَايَثِبُ نفى ، ثِبْ أمر حاضر ، لِيَثِبْ أمر غائب ، لَاتَثِبْ نهى ، مَوْثِبٌ إسم زامان ، إسم ماكان ، مِيْثَابٌ إسم آلة ، أَوْثَبُ إسم تفضيل .

## الفعل الماضى

## ئۆتكەن زامان پېئىلى

ئۇنىڭ مازىسىنىڭ تۈرلىنىشى ضَرَبَ نىڭ تۈرلىنىشى بىلەن تامامەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ !

## الفعل المُضَارِع

## هازىرقى زامان پېئىلى

ئۇنىڭ مۇزارىئەسى يَثِبُ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى يَوْثِبُ ئىدى، «وْ» كەسرەلىك هەرپ بىلەن «يَـ» نىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەنلىكتىن ئۇنى هەزىپ قىلىۋەتسەك يَثِبُ (ئۇ سەكرەيدۇ) قالدى.

ئىككىنچى قائىدە: ئەرەب تىلىدا ئاشكارا ياكى تەقدىرى بولغان كەسرە بىلەن فەتھەلىك هالەتتىكى مۇزارىئە هەرپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن «وْ» هەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ .

مەسىلەن : يَثِبُ ، يَضَعُ .

يَضَعُ ئەسلىدە يَوْضَعُ ئىدى، «و» كەسرەسى تەقدىر قىلىنىدىغان «ض» بىلەن مۇزارىئە هەرپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەنلىكتىن ئۇنى هەزىپ قىلىۋەتسەك يَضَعُ قالدى .

ئەمما، كەسرەلىك هەرپ ئۆزگىرىپ كەتسە «وْ» ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن : يُوْثَبُ دېگەنگە ئوخشاش .

تەنبىھ : مىسال ۋاۋىنىڭ ئىسىم پائىل، ئىسىم مەپئۇل، جەھەت، نەفى، ئەمىر هازىر، ئەمىر غائىب، نەهى، ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان ۋە ئىسىم تەفزىيل قاتارلىقلارنى يۇقىرىدا ئۆتۈلگەن قائىدىلەرگە ئاساسەن تۈرلەپ چىقىرىۋېلىڭ !

## إسم الآلة

## ۋاستە ئىسمىدىشى

وَثَبَ ، يَثِبُ نىڭ ئىسىم ئالىتى مِيْثَابٌ كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە مِوْثَابٌ ئىدى، «وْ» ساكىنلىق ئۇنىڭ ئالدىدىكى هەرپ كەسرەلىك بولۇپ قالغانلىقتىن «وْ» نى «يـ» غا يۆتكىسەك مِيْثَابٌ (سەكرەيدىغان قورال) بولدى.

ئۈچىنچى قائىدە: «وْ» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولسا «وْ» نى «يْ» غا يۆتكەيمىز.

بىرىنچى بابنىڭ مىسال بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال يَسَرَ، يَيْسِرُ بولۇپ، مەستىرى يَسْرًا، مَيْسَرَةً (قىمار ئوينىماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ.

يَسَرَ ماضى، يَيْسِرُ مضارع، يَاسِرٌ إسم فاعل، مَيْسُورٌ إسم مفعول، لم يَيْسِرْ جحد، لا يَيْسِرُ نفى، إِيسِرْ أمر حاضر، لِيَيْسِرْ أمر غائب، لا تَيْسِرْ نهى، مَيْسِرٌ إسم زمان إسم ماكان، مِيْسَارٌ إسم آلة، أَيْسَرُ إسم تفضيل .

يَيْسِرُ نىڭ مەجھۇلى يُوسَرُ كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە يُيْسَرُ بولۇپ، ئىككىنچى «يْ» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولغانلىقتىن «يْ» نى «و» غا يۆتكىدۇق شۇنىڭ بىلەن يُوسَرُ بولدى.

تۆتىنچى قائىدە: «يْ» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولسا «يْ» نى «و» غا يۆتكەيمىز .

بىرىنچى بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىمىلەرگە بېرىلگەن مىسال بَاعَ، يَبِيْعُ بولۇپ، مەسدىرى بَيْعٌ (ساتماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ.

بَاعَ ماضى، يَبِيْعُ مضارع، بَائِعٌ إسم فاعل، مَبِيْعٌ إسم مفعول، لم يَبِعْ جحد، لا يَبِيْعُ نفى، بِعْ أمر حاضر، لِيَبِعْ أمر غائب، لا تَبِعْ نهى، مَبِيْعٌ إسم زمان إسم مكان، مِبَاعٌ إسم آلة، أَبَاعُ إسم تفضيل .

بَاعَ ئەسلىدە بَيَعَ بولۇپ «يْ» ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يْ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك بَاعَ بولدى .

بەشىنچى قائىدە: «و» ۋە «يْ» قاتارلىق ھەرپلەر ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولسا بۇ ھەرپلەرنى «ا» كە يۆتكەيمىز . قَالَ، بَاعَ دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇلار ئەسلىدە قَوَلَ، بَيَعَ ئىدى .

## الفعل الماضى

## ئۆتكەن زامان پېئىلى

بَاعَ نىڭ سېغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

بَاعَ ، بَاعَا ، بَاعُوا ، بَاعَتْ ، بَاعَتَا ، بِعْنَ ، بِعْتَ ، بِعْتُمَا ، بِعْتُمْ ، بِعْتِ ، بِعْتُمَا ، بِعْتُنَّ ، بِعْتُ ، بِعْنَا .

بِعْنَ ئەسلىدە بَيَعْنَ بولۇپ فَعَلَ نىڭ «ع» نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغان ئەجۋەف يايىنى كەسرەلىك بولغان ئەجۋەف يايىغا يۆتكىۋەتسەك بَيِعْنَ بولدى، «يِـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن «يِـ» نىڭ كەسرەسىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك بِيْعْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر ئورۇندا جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك بِعْنَ قالدى .

ئالتىنچى قائىدە : ساكىنلىق بولغان ئىككى ھەرپ بىر يەردە جۇغلىشىپ قالسا ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ھەزىپ قىلىۋېتىمىز .

بَاعَ نىڭ مەجھۇلى بِيْعَ كېلىدۇ.

بَاعَ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق بَيَعَ بولدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق بَيِعَ بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلىك ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق بُيِعَ بولدى، «يِـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «يِـ» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك بِيْعَ بولدى . بۇنىڭ سېغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

بِيْعَ ، بِيْعَا ، بِيْعُوا ، بِيْعَتْ ، بِيْعَتَا ، بِعْنَ ، بِعْتَ ، بِعْتُمَا ، بِعْتُمْ ، بِعْتِ ، بِعْتُمَا ، بِعْتُنَّ ، بِعْتُ ، بِعْنَا .

بِعْنَ ئەسلىدە بِيِعْنَ بولۇپ «يِـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «يِـ» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك بِيْعْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىريەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك بِعْنَ قالدى . قالغان سېغىلارنىمۇ مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

www.uyghurkitap.com

## الفعل المُضَارِع

## هازىرقى زامان پېئىلى

يَبِيْعُ ، يَبِيْعَانِ ، يَبِيْعُونَ ، تَبِيْعُ ، تَبِيْعَانِ ، يَبِعْنَ ، تَبِيْعُ ، تَبِيْعَانِ ، تَبِيْعُونَ ، تَبِيْعِيْنَ ، تَبِيْعَانِ ، تَبِعْنَ ، أَبِيْعُ ، نَبِيْعُ .

يَبِعْنَ بىلەن تَبِعْنَ ئەسلىدە يَبْيِعْنَ ۋە تَبْيِعْنَ بولۇپ، «يـْ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كەسرەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَبِيْعْنَ ۋە تَبِيْعْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يـْ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَبِعْنَ ۋە تَبِعْنَ قالدى .

يَبِيْعُ نىڭ مەجھۇلى يُبَاعُ كېلىدۇ .

يَبِيْعُ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق يَبْيِعُ بولدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى فەتھەلىك قىلساق يَبْيَعُ بولدى، مۇزارىئە ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق يُبْيَعُ بولدى، «يـْ» نىڭ فەتھەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يُبَيْعُ بولدى، «يـْ» ئەسلى ھەرىكەتلىك ئىدى ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى، شۇڭا «يـْ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك يُبَاعُ بولدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

يُبَاعُ ، يُبَاعَانِ ، يُبَاعُونَ ، تُبَاعُ ، تُبَاعَانِ ، يُبَعْنَ ، تُبَاعُ ، تُبَاعَانِ ، تُبَاعُونَ ، تُبَاعِيْنَ ، تُبَاعَانِ ، تُبَعْنَ ، أُبَاعُ ، نُبَاعُ .

## إسم الفاعل

## ئىنىق سۈپەتداش

بَاعَ ، يَبِيْعُ نىڭ ئىسىم پائىلى بَائِعٌ بولۇپ بۇ ئەسلىدە بَايِعٌ ئىدى، بۇ كەلىمىدىكى «يـْ» زائىت ھەرپ دەپ قارىلىدىغان «ا» تىن كېيىن كەلگەنلىكتىن «يـْ» نى «ء» گە يۆتكىسەك بَائِعٌ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

بَائِعٌ ، بَائِعَانِ ، بَائِعُونَ ، بَائِعَةٌ ، بَائِعَتَانِ ، بَائِعَاتٌ .

يەتتىنچى قائىدە : «و» ۋە «يـْ» قاتارلىق ھەرپلەر زائىت ھېسابلىنىدىغان «ا» تىن كېيىن كەلسە ئۇلارنى ھەمزىگە يۆتكەيمىز . مىسال: قَائِلٌ ، بَائِعٌ دېگەنگە ئوخشاش، بۇلارنىڭ ئەسلىيسى قَاوِلٌ ، بَايِعٌ ئىدى .

تەنبىھ : ئىسىم مەپئۇل، ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان ۋە مەسدەر مىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مَبِيْعٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

## إسم المفعول

## مەجھۇل سۈپەتداش

بَاعَ ، يَبِيْعُ نىڭ ئىسىم مەپئۇلى مَبِيْعٌ بولۇپ، بۇ ئەسلىدە مَبْيُوعٌ ئىدى، «يـْ» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممىسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك مَبُيْوْعٌ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك مَبُيْعٌ بولدى «يـْ» نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق مَبِيْعٌ قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَبِيْعٌ ، مَبِيْعَانِ مَبِيْعُونَ ، مَبِيْعَةٌ ، مَبِيْعَتَانِ ، مَبِيْعَاتٌ ، مَبَائِعٌ .

## الفعل الجحد

## ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

لَمْ يَبِعْ جەھەت بولۇپ، بۇ ئەسلىدە لَمْ يَبْيِعْ ئىدى، «يـْ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كەسرەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك لَمْ يَبِيْعْ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يـْ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك لَمْ يَبِعْ قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لَمْ يَبِعْ ، لَمْ يَبِيْعَا ، لَمْ يَبِيْعُوا ، لَمْ تَبِعْ ، لَمْ تَبِيْعَا ، لَمْ يَبِعْنَ ، لَمْ تَبِعْ ، لَمْ تَبِيْعَا ، لَمْ تَبِيْعُوا، لَمْ تَبِيْعِى ، لَمْ تَبِيْعَا ، لَمْ تَبِعْنَ ، لَمْ أَبِعْ ، لَمْ نَبِعْ .

## أمر حاضر

## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

بَاعَ ، يَبِيْعُ دىن ئەمىر ھازىر بِعْ كېلىدۇ . بۇنى تَبِيْعُ دىن پايدىلىنىپ ئالىمىز، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەرپى سەھىھ بولغانلىقتىن ساكىنلىق قىلىۋەتسەك تَبِيْعْ بولدى، مۇزارىئە ھەرپىنى تاشلىۋەتسەك بِيْعْ قالدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يـْ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك بِعْ قالدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

بِعْ ، بِيْعَا، بِيْعُوا ، بِيْعِى ، بِيْعَا ، بِعْنَ .

www.uyghurkitap.com

بِعْنَ ئەسلىدە اِبْيِعْنَ ئىدى، «يْـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كەسرەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك اِبِيْعْنَ بولىدۇ، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يْـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك اِبِعْنَ قالدى، ھەمزىدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇ ھەمزىنى ھەزىپ قىلىۋەتسەك بِعْنَ قالدى. بۇنىڭغا تەكتىنىڭ تۇنلىرى تۇتاشقاندا «ع» نىڭ باراۋىرىدىكى ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن ھەرپ ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ.

مەسىلەن : بِيْعَنْ ، بِيْعَنَّ .

ئەمر غائىب ۋە نەھىنىڭ مەلۇم ۋە مەجھۇل سىيغىلىرىنى جەھەتنىڭ مەلۇم ۋە مەجھۇل سىيغىلىرىغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## إسم زمان و إسم ماكان

## ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسىمدىشى

بَاعَ ، يَبِيْعُ دىن ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان مَبْيِعٌ كېلىدۇ. بۇ ئەسلىدە مَبْيِعٌ ئىدى، «يْـ» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كەسرەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك مَبِيْعٌ بولىدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَبِيْعٌ ، مَبِيْعَانِ ، مَبَائِعُ

مَبَائِعُ نىڭ ئىئلالى بَائِعٌ نىڭ ئىئلالى بىلەن ئوخشاش .

## إسم الآلة

## ۋاستە ئىسىمدىشى

بَاعَ ، يَبِيْعُ نىڭ ئىسىم ئالەتى مِبْاَعٌ كېلىدۇ. بۇ ئەسلىدە مِبْيَعٌ ئىدى، «يْـ» نىڭ فەتھەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەردۇق، مِبَيْعٌ بولدى «يْـ» ئەسلىي ھەرىكەتلىك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى، شۇڭا «يْـ» نى «ا» كە يۆتكىسەك مِبَاعٌ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : مِبَاعٌ ، مِبَاعَانِ ، مَبَائِعُ .

## إسم التفضيل
## ئاشۇرما سۈپەتداش

بَاعَ ، يَبِيْعُ نىڭ ئىسىم تەفزىيلى اَبَاعُ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىئلالىنى مِبَاعٌ نىڭ ئىئلالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

اَبَاعُ، اَبَاعَانِ ، اَبَاعُونَ ، بُوعى ، بُوعَيَانِ ، بُوعَيَاتٌ .

بُوعى ئەسلىدە بُيْعى بولۇپ «يْ» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولغانلىقتىن «يْ» نى «و» غا يۆتكىۋەتسەك بُوعى بولغان .

بىرىنچى بابنىڭ ناقىسى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال رَمى، يَرْمِى بولۇپ مەسدىرى رَمْىٌ ، رِمَايَةٌ (ئاتماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

رَمى ماضى ، يَرْمِى مضارع ، رَامٍ إسم فاعل ، مَرْمِىٌّ إسم مفعول ، لم يَرْمِ جحد، لا يَرْمِى نفى، اِرْمِ أمر حاضر ، لِيَرْمِ أمر غائب ، لا تَرْمِ نهى، مَرْمًى إسم زمان إسم مكان ، مِرْمًى إسم آلة ، اَرْمى إسم تفضيل .

## الفعل الماضى
## ئۆتكەن زامان پېئىلى

رَمى نىڭ ئەسلىيسى رَمَىَ بولۇپ «يْ» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يْ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك رَمى بولدى، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

رَمى، رَمَيَا ، رَمَوْا ، رَمَتْ ، رَمَتَا ، رَمَيْنَ ، رَمَيْتَ ، رَمَيْتُمَا ، رَمَيْتُمْ ، رَمَيْتِ ، رَمَيْتُمَا ، رَمَيْتُنَّ ، رَمَيْتُ ، رَمَيْنَا .

رَمَوْا ئەسلىدە رَمَيُوْا بولۇپ «يْ» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يْ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك رَمَاْوْا بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «ا» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك رَمَوْا قالدى .

رَمَتْ ، رَمَتَا قاتارلىقلار ئەسلىدە رَمَيَتْ ، رَمَيَتَا بولۇپ «يْ» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يْ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك رَمَاتْ ، رَمَاتَا بولدى، ساكىنلىق

ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «ا» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك رَمَتْ، رَمَتَا بولدى . رَمَتَا نىڭ «تَ» سى ئەسلىدە مۇئەننەسنىڭ ساكىنلىق «تْ» سى بولسىمۇ ئۇنىڭدىن كېيىن «ا» كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭغا فەتھە ھەرىكەت بېرىلگەن شۇڭا ئۇ ساكىنلىق ھەرپنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

رَمَى نىڭ مەجھۇلى رُمِيَ كېلىدۇ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

رُمِيَ ، رُمِيَا ، رُمُوا ، رُمِيَتْ ، رُمِيَتَا ، رُمِيْنَ ، رُمِيْتَ ، رُمِيْتُمَا ، رُمِيْتُمْ ، رُمِيْتِ ، رُمِيْتُمَا ، رُمِيْتُنَّ ، رُمِيْتُ ، رُمِيْنَا .

رُمُوا ئەسلىدە رُمِيُوْا ئىدى، زەممە «يُـ» غا ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلاپ «يْـ» نىڭ زەممەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك رُمُيْوْا بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «يْـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك رُمُوا قالدى.

## الفعل المُضَارِع

## ھازىرقى زامان پېئىلى

يَرْمِي ئەسلىدە يَرْمِيُ بولۇپ «يْـ» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممىسىنى تاشلىۋەتسەك يَرْمِي بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يَرْمِي ، يَرْمِيَانِ ، يَرْمُوْنَ ، تَرْمِي ، تَرْمِيَانِ ، يَرْمِيْنَ ، تَرْمِي ، تَرْمِيَانِ ، تَرْمُوْنَ ، تَرْمِيْنَ ، تَرْمِيَانِ ، تَرْمِيْنَ ، اَرْمِي ، نَرْمِي .

يَرْمُوْنَ ، تَرْمُوْنَ قاتارلىقلار ئەسلىدە يَرْمِيُوْنَ ، تَرْمِيُوْنَ بولۇپ، زەممە «يُـ» غا ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «يْـ» نىڭ زەممەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك يَرْمُيْوْنَ ، تَرْمُيْوْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «يْـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَرْمُوْنَ ، تَرْمُوْنَ قالدى.

تَرْمِيْنَ ئەسلىدە تَرْمِيِيْنَ ئىدى، كەسرە «يِـ» غا ئېغىر كەلگەنلىكتىن «يِـ» نىڭ كەسرەسىنى تاشلىۋەتسەك تَرْمِيْيْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن ئاۋۋالقى «يْـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك تَرْمِيْنَ قالدى.

يَرْمِي نىڭ مەجھۇلى يُرْمى كېلىدۇ . بۇنىڭ ئەسلىيسى يُرْمَيُ بولۇپ، «يْ» ھەرىكەتلىك بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يْ» نى «ا» كە يۆتكىسەك يُرْمى بولدى، بۇنىڭ سيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يُرْمى، يُرْمَيَانِ ، يُرْمَوْنَ ، تُرْمى ، تُرْمَيَانِ ، يُرْمَيْنَ ،تُرْمى ، تُرْمَيَانِ ، تُرْمَوْنَ ، تُرْمَيْنَ ، تُرْمَيَانِ ، تُرْمَيْنَ ، أُرْمى ، نُرْمى .

## إسم الفاعل
## ئىنىق سۈپەتداش

ئىسىم پائىل رَامٍ كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە رَامِيٌ ئىدى، «يـ» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك رَامِيْنٌ بولدى، بۇ كەلىمىدە تەنۋىن بىلەن «يْ» دىن ئىبارەت ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «يْ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك رَامٍ قالغان، بۇنىڭ سيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

رَامٍ ، رَامِيَانِ ، رَامُوْنَ ، رَامِيَةٌ ، رَامِيَاتَانِ ، رَامِيَاتٌ .

رَامُوْنَ نىڭ ئىئلالىنى يَرْمُوْنَ نىڭ ئىئلالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## إسم المفعول
## مەجھۇل سۈپەتداش

مَرْمِيٌّ ئىسىم مەپئۇل بولۇپ بۇ ئەسلىدە مَرْمُوْيٌ ئىدى، بىركەلىمىدە «و» بىلەن «يـ» بىر يەردە جۇغلىشىپ قالدى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق ھالەتتە كەلدى، شۇڭا «و» نى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك مَرْمُيْيٌ بولدى، ئىككى«يـ» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك مَرْمُيٌّ بولدى، «يـ» نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق مَرْمِيٌّ بولدى.

سەككىزىنچى قائىدە : بىر كەلىمىدە «و» بىلەن «يْـ» بىر يەردە كەلسە ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق بولسا «و» نى «يـ» غا يۆتكەيمىز .

بۇ قائىدىنى ئىشلىتىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل شەرتى بار :

بىرىنچى: كەلىمىنىڭ «و» ھەرپى باشقا ھەرپلەردىن يۆتكەلمىگەن بولۇشى كېرەك . سُوْيِرَ دېگەن كەلىمىلەردىكى «و» ھەرپى «ا» تىن يۆتكەلگەنلىكتىن بۇ «و» نى «يـ» غا يۆتكەشكە بولمايدۇ .

ئىككىنچى : كەلىمە أَفْعَلَ ۋەزنىدە بولماسلىقى كېرەك . أَيْوَمَ دېگەن كەلىمە أَفْعَلَ ۋەزنىدە بولۇپ قالغانلىقتىن بۇنىڭدىكى «و» نى «ي» غا يۆتكەشكە بولمايدۇ.

ئۈچىنچى: كەلىمە ئەلەم (خاس) ئىسىم بولماسلىقى كېرەك . حَيْوَةٌ دېگەن كەلىمە مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئىسمى بولغانلىقتىن بۇ كەلىمىدىكى «و» نى «ي» غا يۆتكەشكە بولمايدۇ .

تۆتىنچى: كەلىمىدىكى «ي» تەسغىرنىڭ «ي» سى بولماسلىقى كېرەك . جُدَيْوِلٌ دېگەن كەلىمىدىكى «ي» تەسغىرنىڭ «ي» سى بولغانلىقتىن بۇ كەلىمىدىكى «و» نى «ي» غا يۆتكەشكە بولمايدۇ .

ئىسىم مەپئۇلنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَرْمِيٌّ، مَرْمِيَّانِ ، مَرْمِيُّوْنَ ، مَرْمِيَّةٌ ، مَرْمِيَّتَانِ ، مَرْمِيَّاتٌ .

الفعل الجحد

ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

لَمْ يَرْمِ جەھەت بولۇپ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لَمْ يَرْمِ ، لَمْ يَرْمِيَا ، لَمْ يَرْمُوْا ، لَمْ تَرْمِ ، لَمْ تَرْمِيَا ، لَمْ يَرْمِيْنَ ، لَمْ تَرْمِ ، لَمْ تَرْمِيَا ، لَمْ تَرْمُوْا ، لَمْ تَرْمِي ، لَمْ تَرْمِيَا ، لَمْ تَرْمِيْنَ ، لَمْ أَرْمِ ، لَمْ نَرْمِ .

جەھەتنىڭ مەجھۇلى لَمْ يُرْمَ كېلىدۇ . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

لَمْ يُرْمَ ، لَمْ يُرْمَيَا ، لَمْ يُرْمَوْا ، لَمْ تُرْمَ ، لَمْ تُرْمَيَا ، لَمْ يُرْمَيْنَ ، لَمْ تُرْمَ ، لَمْ تُرْمَيَا ، لَمْ تُرْمَوْا ، لَمْ تُرْمِي ، لَمْ تُرْمَيَا ، لَمْ تُرْمَيْنَ ، لَمْ أُرْمَ ، لَمْ نُرْمَ .

نەفىنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى مۇزارىئەنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## أمر حاضر

## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر ھازىر إرْمِ كېلىدۇ .

إرْمِ نى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا ياسايمىز :

بىرىنچى قەدەمدە مۇزارىئەنىڭ مۇخاتەب سىيغىسى بولغان تَرْمِي نىڭ ئاخىرىدىكى ئىللەتلىك ھەرپىنى تاشلىۋەتسەك تَرْمِ قالدى، ئاندىن مۇزارىئە ھەرپى بولغان «تـ» نى تاشلىۋەتسەك رْمِ قالدى، فَعَلَ نىڭ «ع» نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولغانلىقتىن كەلىمىنىڭ ئالدىغا كەسرەلىك ھەمزىنى كەلتۈرسەك إرْمِ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

إرْمِ ، ارْمِيَا ، ارْمُوا ، ارْمِي ، ارْمِيَا ، ارْمِيْنَ .

ئۇنىڭغا تەكىتنىڭ نۇنلىرىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

نۇن تەكىت خەفىفىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى: إرْمِيَنْ ، إرْمُنْ ، إرْمِنْ .

نۇن تەكىت سەقىلىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى: إرْمِيَنَّ ، إرْمِيَانِّ ، إرْمُنَّ ، إرْمِنَّ ، إرْمِيَانِّ ، إرْمِيْنَانِّ .

ئەمىر غائىب ۋە نەھىلەرنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالىنى جەھەتنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

## إسم زمان و إسم ماكان

## ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسمىدىشى

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان مَرْمًى كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىئلالىنى رَامٍ نىڭ ئىئلالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : مَرْمًى ، مَرْمَيَانِ ، مَرَامٍ .

## إسم الآلة

## ۋاستە ئىسمىدىشى

ئىسىم ئالەت مِرْمًى كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىئلالى ئىسىم زامان، ئىسىم ماكاننىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل شەكىلدە كېلىدۇ :

بىرىنچى: مِرْمًى ، مِرْمَيَانِ ، مَرَامٍ .

ئىككىنچى : مِرْمَاءٌ ، مِرْمَاآنِ ، مَرَامٍ .

www.uyghurkitap.com

## إسم التفضيل

## ئاشۇرما سۈپەتداش

ئىسم تەفزىيل أَرْمى كېلىدۇ. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

أَرْمى ، أَرْمَيَانِ ، أَرْمَوْنَ ، رُمْيى ، رُمْيَيَانِ ، رُمْيَيَاتٌ .

أَرْمى ۋە أَرْمَوْنَ قاتارلىقلارنىڭ ئىئلالى رَمى ۋە رَمَوْا نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش .

بىرىنچى بابنىڭ لەفىق بولغان كەلىملىرىگە بىرىلگەن مىسال رَوى ، يَرْوِى بولۇپ مەسدىرى رُوْىٌ ، رِوَايَةٌ (سۆزلەپ بەرمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ:

رَوى ماضى، يَرْوِى مضارع ، رَاوٍ إسم فاعل ، مَرْوِيٌّ إسم مفعول ، لم يَرْوِ جحد ، لا يَرْوِى نفى ، اِرْوِ أمر حاضر ، لِيَرْوِ أمر غائب ، لا تَرْوِ نهى ، مَرْوًى إسم زمان إسم مكان ، مِرْوًى إسم آلة ، أَرْوى إسم تفضيل .

بۇنىڭ ئىئلال ۋە تۈرلىنىشىنى رَمى ، يَرْمِى نىڭ ئىئلال ۋە تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىۋېلىڭ .

تەنبىھ : رَوى دېگەن كەلىمىدە گەرچە «و» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولسىمۇ، بىر كەلىمىنى ئىككى قېتىم ئىئلال قىلماسلىق ئۈچۈن «و» نى «ا» گە يۆتكىمەيمىز.

بىرىنچى بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىملىرىگە بىرىلگەن مىسال وَحى ، يَحِى بولۇپ، مەسدىرى وَحْيٌ (يوشۇرۇن سۆزلىمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

وَحى ماضى ، يَحِى مضارع ، وَاحٍ إسم فاعل ، مَوْحِيٌّ إسم مفعول ، لم يَحِ جحد ، لا يَحِى نفى ، حِ أمر حاضر ، لِيَحِ أمر غائب ، لا تَحِ نهى ، مَوْحًى إسم زمان إسم مكان ، مِيْحَاءٌ إسم آلة ، أَوْحى إسم تفضيل .

وَحى نىڭ ئىئلالى رَمى نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش .

يَحِى ئەسلىدە يَوْحِىُ بولۇپ، «و» كەسرەلىك ھەرپ بىلەن «ىِ» نىڭ ئارىسىدا كەلگەنلىكتىن ئۇنى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَحِىُ قالدى، «ىِ» نىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك يَحِى قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

يَحِى، يَحِيَانِ ، يَحُوْنَ ، تَحِى ، تَحِيَانِ ، يَحِيْنَ ، تَحِى ، تَحِيَانِ ، تَحُوْنَ ، تَحِيْنَ ، تَحِيَانِ ، تَحِيْنَ ، اَحِى ، نَحِى.

## أمر حاضر

## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر هازىر حِ كېلىدۇ .

ئەمىر هازىرنى تۈۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا ياسايمىز :

مۇزارىئە پېئىلىنىڭ مۇخاتەب سىيغىسى بولغان تَحِي نىڭ ئاخىرىكى ئىللەتلىك هەرپىنى تاشلىۋەتتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇزارىئە هەرپى بولغان «تـ» نى تاشلىۋەتتۇق، تاشلانغان هەرپتىن كېيىنكى هەرپ هەرىكەتلىك بولغانلىقتىن ئەمىر هازىر حِ چىقتى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۈۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : حِ ، حِيَا ، حُوْا ، حِي ، حِيَا ، حِيْنَ .

بۇنىڭغا تەكىتنىڭ نۇنلىرىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى تۈۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

حِيَنَّ ، حِيَانِّ ، حُنَّ، حِنَّ ، حِيَانِّ ، حِيْنَانِّ .

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

سۇلاسى مۇجەررەتنىڭ ئىككىنچى بابى فَعَلَ يَفْعُلُ بابى بولۇپ، بۇ بابنىڭ مەسدىرى تۆۋەندىكىدەك ئون بەش خىل ۋەزىندە كېلىدۇ .

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى | ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| فَعْلٌ | نَصْرٌ | ياردەم قىلماق | فُعُولٌ | خُرُوجٌ | چىقماق |
| فَعَلٌ | طَلَبٌ | تەلەپ قىلماق | فِعَلٌ | خِنَقٌ | بوغماق |
| فَعَالٌ | نَبَاتٌ | ئۈنمەك | فِعَالٌ | كِتَابٌ | يازماق |
| فِعَالَةٌ | حِرَاسَةٌ | قوغدىماق | فُعَالٌ | صُرَاخٌ | ۋارقىرىماق |
| فُعْلٌ | شُكْرٌ | رەھمەت ئېيتماق | فِعْلٌ | فِسْقٌ | بۇزۇقچىلىق قىلماق |
| فِعْلَانٌ | كِتْمَانٌ | يوشۇرماق | فِعْلَى | ذِكْرَى | ئەسلىمەك |
| فُعْلَى | بُشْرَى | خۇش خەۋەر بەرمەك | فِعْلَةٌ | نِشْدَةٌ | تەلەپ قىلماق |
| | | | فُعُلَةٌ | دُعْوَةٌ | چاقىرماق |

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال نَصَرَ، يَنْصُرُ بولۇپ، مەسدىرى نَصْرٌ ، نُصْرَةٌ (ياردەم قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

نَصَرَ ماضى ، يَنْصُرُ مضارع ، نَاصِرٌ إسم فاعل ، مَنْصُورٌ إسم مفعول ، لم يَنْصُرْ جحد ، لا يَنْصُرُ نفى ، أُنْصُرْ أمر حاضر ، لِيَنْصُرْ أمر غائب ، لا تَنْصُرْ نهى ، مَنْصَرٌ إسم زمان إسم مكان ، مِنْصَارٌ إسم آلة ، أَنْصَرُ إسم تفضيل .

نَصَرَ، يَنْصُرُ دىن ئەمىر ھازىر أُنْصُرْ كېلىدۇ :

ئەمىر ھازىرنى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا ياسايمىز: مۇزارىئە پېئىلىنىڭ مۇخاتەب سىيغىسى بولغان تَنْصُرُ نىڭ ئاخىرى سەھىھ بولغانلىقتىن ساكىن قىلساق تَنْصُرْ بولىدۇ، مۇزارىئە ھەرپى بولغان «تـ» نى تاشلىساق نْصُرْ قالىدى، فَعَلَ نىڭ ع نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولغانلىقتىن كەلىمىنىڭ ئالدىغا زەممەلىك ھەمزىنى كەلتۈرسەك أُنْصُرْ بولىدۇ. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : أُنْصُرْ ، أُنْصُرَا ، أُنْصُرُوْا ، أُنْصُرِى ، أُنْصُرَا ، أُنْصُرْنَ .

ئىككىنچى بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال رَدَّ ، يَرُدُّ بولۇپ، مەسدىرى رَدًّا ، مَرَدَّةً (قايتۇرماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ:

رَدَّ ماضى ، يَرُدُّ مضارع ، رَادٌّ إسم فاعل ، مَرْدُودٌ إسم مفعول ، لم يَرُدَّ جحد، لا يَرُدُّ نفى، رُدَّ أمر حاضر ، لِيَرُدَّ أمر غائب ، لا تَرُدَّ نهى، مَرَدٌّ إسم زمان إسم مكان ، مِرْدَادٌ إسم آلة ، اَرَدُّ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ ئەمىر هازىردىن باشقا بارلىق سىيغىلىرىنىڭ ئىئلال ۋە تۈرلىنىشىنى فَرَّ ، يَفِرُّ نىڭ ئىئلال ۋە تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىشىلىك.

تەنبىھ : ئىككىنچى بابنىڭ مۇزائەپ سۇلاسىلىرى جەزمى قىلىنغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەرپىنى فەتھەلىك، كەسرەلىك، زەممەلىك ۋە ئىدغامنى ئايرىپ ساكىنلىق ئوقۇشتىن ئىبارەت تۆت خىل ئوقۇش دۇرۇس . مەسىلەن : لم يَرُدَّ ، لم يَرُدُّ ، لم يَرُدِّ ، لم يَرْدُدْ قاتارلىقلارغا ئوخشاش، ئەمما، مەجهۇلدا لم يُرَدُّ دېيىش دۇرۇس ئەمەس.

## أمر حاضر

## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

ئەمىر هازىر رُدَّ كېلىدۇ. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

رُدَّ، رُدَّا، رُدُّوا ، رُدِّى ، رُدَّا ، اُرْدُدْنَ ·

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال وَدَّ، يَوُدُّ بولۇپ، مەسدىرى وَدٌّ ، مَوَدَّةٌ ، وُدٌّ ، وِدَادٌ (ياخشى كۆرمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

وَدَّ ماضى ، يَوُدُّ مضارع ، وَادٌّ إسم فاعل ، مَوْدُوْدٌ إسم مفعول ، لم يَوُدَّ جحد ، لا يَوُدُّ نفى ، وُدَّ أمر حاضر ، لِيَوُدَّ أمر غائب ، لا تَوُدَّ نهى ، مَوَدٌّ إسم زمان إسم مكان ، مِيْدَادٌ إسم آلة ، اَوَدُّ إسم تفضيل .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال دَامَ ، يَدُومُ بولۇپ، مەسدىرى دَوْمٌ ، دَوَامٌ ، مَدَامٌ (داۋاملاشماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

دَامَ ماضى ، يَدُومُ مضارع ، دَائِمٌ إسم فاعل ، مَدُومٌ إسم مفعول ، لم يَدُمْ جحد ، لا يَدُومُ نفى ، دُمْ أمر حاضر ، لِيَدُمْ أمر غائب ، لا تَدُمْ نهى ، مَدَامٌ إسم زمان إسم مكان ، مِدَامٌ إسم آلة ، اَدَامُ إسم تفضيل .

الفعل الماضى

## ئۆتكەن زامان پېئىلى

دَامَ ئەسلىدە دَوَمَ بولۇپ «و» ھەرىكەتلىك بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى، شۇڭا «و» نى «ا» گە يۆتكۈەتسەك دَامَ بولدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دَامَ ، دَامَا ، دَامُوا ، دَامَتْ ، دَامَتَا ، دُمْنَ ، دُمْتَ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُمْ ، دُمْتِ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُنَّ ، دُمْتُ ، دُمْنَا .

دُمْنَ ئەسلىدە دَوَمْنَ بولۇپ فَعَلَ نىڭ ع نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپى فەتھەلىك بولغان ئەجۋەف ۋاۋىنى ع نىنىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپى زەممەلىك بولغان ئەجۋەف ۋاۋىغا يۆتكۈەتسەك دَوُمْنَ بولدى، زەممە «و» غا ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «و» نىڭ زەممەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك دُوْمْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك دُمْنَ قالدى . قالغان سىيغىلىرىنىمۇ مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

دَامَ نىڭ مەجھۇلى دِيْمَ كېلىدۇ .

دَامَ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق دَوَمَ بولدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپىنى كەسرەلىك قىلساق دَوِمَ بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلىك ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق دُوِمَ بولدى، كەسرە «و» غا ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «و» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك دِوْمَ بولدى، «و» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «يـــ» غا يۆتكىسەك دِيْمَ بولدى . بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دِيْمَ ، دِيْمَا ، دِيْمُوْا ، دِيْمَتْ ، دِيْمَتَا ، دُمْنَ ، دُمْتَ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُمْ ، دُمْتِ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُنَّ ، دُمْتُ ، دُمْنَا .

دُمْنَ ، دُمْتَ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُمْ قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىيسى دُوِمْنَ ، دُوِمْتَ ، دُوِمْتُمَا ، دُوِمْتُمْ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە «و» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كەسرەسىنى تاشلىۋەتسەك دُوْمْنَ ، دُوْمْتَ ، دُوْمْتُمَا ، دُوْمْتُمْ بولۇپ، ساكىنلىق بولغان ئىككى ھەرپ بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دُمْنَ ، دُمْتَ ، دُمْتُمَا ، دُمْتُمْ بولدى.

يۇقىرىقى سىيغىلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك سىيغىدا كېلىشىمۇ دۇرۇس.

دِيْمَ ، دِيْمَا ، دِيْمُوْا ، دِيْمَتْ ، دِيْمَتَا ، دِمْنَ ، دِمْتَ ، دِمْتُمَا ، دِمْتُمْ ، دِمْتِ ، دِمْتُمَا ، دِمْتُنَّ ، دِمْتُ ، دِمْنَا .



www.uyghurkitap.com

## الفعل المُضَارِع

## هازىرقى زامان پېئىلى

مۇزارىئە يَدُومُ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى يَدْوُمُ ئىدى، «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممىسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَدُوْمُ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يَدُومُ ، يَدُومَانِ ، يَدُومُونَ ، تَدُومُ ، تَدُومَانِ ، يَدُمْنَ ، تَدُومُ ، تَدُومَانِ ، تَدُومُونَ ، تَدُومِينَ ، تَدُومَانِ ، تَدُمْنَ ، اَدُومُ ، نَدُومُ .

يَدُمْنَ ، تَدُمْنَ قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىيسى يَدْوُمْنَ ، تَدْوُمْنَ ئىدى، «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَدُوْمْنَ ، تَدُوْمْنَ بولۇپ ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىريەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَدُمْنَ ، تَدُمْنَ قالدى .

يَدُومُ نىڭ مەجھۇلى يُدامُ كېلىدۇ.

يَدُومُ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرساق يَدْوُمُ بولدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچي ھەرپىنى فەتھەلىك قىلساق يَدْوَمُ بولدى. مۇزارىئە ھەرپىنى زەممەلىك قىلساق يُدْوَمُ بولدى، «و» نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يُدَوْمُ بولدى. «و» ئەسلي ھەرىكەتلىك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى، شۇڭا «و» نى «ا» كە يۆتكىسەك يُدامُ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

يُدَامُ ، يُدَامَانِ ، يُدَامُوْنَ ، تُدَامُ ، تُدَامَانِ ، يُدَمْنَ ، تُدَامُ ، تُدَامَانِ ، تُدَامُوْنَ ، تُدَامِيْنَ ، تُدَامَانِ ، تُدَمْنَ ، اُدَامُ ، نُدَامُ .

يُدَمْنَ ۋە تُدَمْنَ قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىيسى يُدْوَمْنَ ۋە تُدْوَمْنَ بولۇپ «و» نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يُدَوْمْنَ ، تُدَوْمْنَ بولدى، «و» ئەسلي ھەرىكەتلىك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى شۇڭا «و» نى «ا» كە يۆتكىسەك يُدَامْنَ ، تُدَامْنَ بولۇپ ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىنىشىپ قالغانلىقتىن «ا» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يُدَمْنَ ، تُدَمْنَ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

إسم الفاعل

ئىنىق سۈپەتداش

ئىسىم پائىل دَائِمٌ كېلىدۇ . بۇنىڭ ئەسلىيسى دَاوِمٌ .

إسم المفعول

مەجھۇل سۈپەتداش

ئىسىم مەپئۇل مَدُومٌ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى مَدْوُوْمٌ ئىدى، «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك مَدُوْوْمٌ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك مَدُومٌ قالدى .

الفعل الجحد

ئۆتكەن زامان بولۇشسىز پېئىلى

جەھەت لِمْ يَدُمْ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ پېئىل «لم» كىرىشتىن ئىلگىرى يَدُوْمُ ئىدى، «لم» كىرگەندىن كېيىن لم يَدُوْمْ بولۇپ ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك لم يَدُمْ قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

لم يَدُمْ ، لم يَدُومَا ، لم يَدُومُوا ، لم تَدُمْ ، لم تَدُومَا ، لم يَدُمْنَ ، لم تَدُمْ ، لم تَدُومَا ، لم تَدُومُوا ، لم تَدُومِى ، لم تَدُومَا ، لم تَدُمْنَ ، لم أَدُمْ ، لم نَدُمْ .

الفعل النفي

كېلىچەك زامان بولۇشسىز پېئىلى

نەفىنىڭ ئىللاللىنىش ۋە تۇرلىنىش ئەھۋالى مۇزارىئەنىڭ ئىللاللىنىش ۋە تۇرلىنىش ئەھۋالىغا ئوخشاش . شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

## أمر حاضر
## ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىلى

دَامَ ، يَدُومُ دىن ئەمىر ھازىر دُمْ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى اُدْوُمْ ئىدى، «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك اُدُوْمْ بولدى. ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك اُدُمْ بولدى، ھەمزىدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغانلىقتىن ھەمزىگە ئېھتىياجىمىز قالمىدى، شۇڭا ئۇ ھەمزىنى تاشلىۋەتسەك دُمْ قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دُ مْ ، دُومَا ، دُومُوا ، دُومِى ، دُومَا ، دُمْنَ .

ئۇنىڭغا تەكىتنىڭ نۇنلىرىنىڭ تۇتۇشۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

دُومَنْ ، دُومُنْ ، دُومِنْ ، دُومَنَّ ، دُومَانِّ ، دُومُنَّ ، دُومِنَّ ، دُومَانِّ ، دُومْنَانِّ .

ئەمىر غائىب ۋە نەھىيلەرنى جەھەتكە قىياس قىلىۋېلىڭ .

## إسم زمان و إسم ماكان
## ۋاقىت ۋە ئورۇن ئىسمىدىشى

ئىسىم زامان، ئىسىم ماكان مَدَامٌ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى مَدْوَمٌ ئىدى، «و» نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك مَدَوْمٌ بولدى، «و» ئەسلي ھەرىكەتلىك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولدى، شۇڭا «و» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك مَدَامٌ بولدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مَدَامٌ ، مَدَامَانِ ، مَدَائِمُ .

مَدَائِمُ ئەسلىدە مَدَاوِمُ بولۇپ بۇنىڭ ئىئلالى دَائِمُ نىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش .

## إسم الآلة
## ۋاستە ئىسمىدىشى

ئىسىم ئالەت مِدَامٌ كېلىدۇ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

مِدَامٌ ، مِدَامَانِ ، مَدَائِمُ.

بۇنىڭ ئىئلالى ئىسىم زامان، ئىسىم ماكاننىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## إسم التفضيل
## ئاشۇرما سۈپەتداش

ئىسىم تەفزىيل أَدَامُ كېلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

أَدَامُ ، أَدَمَان ، أَدَامُونَ ، دُومى ، دُومَيَان ، دُومَيَاتٌ .
بۇنىڭ ئىئلالى ئىسىم زامان، ئىسىم ماكانىنىڭ ئىئلالىغا ئوخشاش .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال دَعَا ، يَدْعُوْ بولۇپ، مەسدىرى دَعْوَةٌ (تاماققا چاقىرماق)، دعْوَةٌ (نەسەب يىغىنىغا چاقىرماق) دُعْوَةٌ (ئىشقا چاقىرماق)، قاتارلىق ئۈچ خىل ۋەزىنىدە كېلىدۇ . بۇلاردىن تۆۋەندىكىدەك ئون ئىككى خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

دَعَا ماضى ، يَدْعُو مضارع ، دَاعٍ إسم فاعل ، مَدْعُوٌّ إسم مفعول ، لم يَدْعُ جحد ، لا يَدْعُو نفى ، اُدْعُ أمر حاضر ، لِيَدْعُ أمر غائب ، لا تَدْعُ ، نهى ، مَدْعًَ إسم زمان إسم مكان ، مِدْعً إسم آلة ، اَدْعى إسم تفضيل .

## الفعل الماضى
## ئۆتكەن زامان پېئىلى

مازىسى دَعَا كېلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلىيسى دَعَوَ ئىدى، «و» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك دَعَا بولغان.

توققۇزىنچى قائىدە : «و» دىن يۆتكەلگەن ئەلىف «ا» شەكلىدە يېزىلىدۇ .

دَعَا نىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دَعَا ، دَعَوَا ، دَعَوْا ، دَعَتْ ، دَعَتَا ، دَعَوْنَ ، دَعَوْتَ، دَعَوْتُمَا ، دَعَوْتُمْ ، دَعَوْتِ ، دَعَوْتُمَا ، دَعَوْتُنَّ ، دَعَوْتُ ، دَعَوْنَا .

دَعَوْا ئەسلىدە دَعَوُوْا ئىدى، دَعَتْ ، دَعَتَا قاتارلىقلارمۇ ئەسلىدە دَعَوَتْ ، دَعَوَتَا ئىدى، بۇ ئۈچىدە «و» ھەرىكەتلىك ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن « و » نى « ا » كە يۆتكىۋەتسەك دَعَاْوْا ، دَعَاْتْ ، دَعَاْتَا بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» دىن يۆتكەلگەن «ا» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك دَعَوْا ، دَعَتْ ، دَعَتَا قاتارلىقلار قالدى .

دَعَا نىڭ مەجھۇلى دُعِيَ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىيسى دُعِوَ ئىدى، «و» كەلىمىنىڭ ئاخىرىدا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولدى، شۇڭا «و» نى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك دُعِيَ بولدى .

ئوتىنچى قائىدە : «و» كەلىمىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولسا «و» نى «يـ» غا يۆتكىۋېتىمىز .

دُعِيَ نىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دُعِيَ ، دُعِيَا ، دُعُوْا ،دُعِيَتْ ، دُعِيَتَا ، دُعِيْنَ ، دُعِيْتَ ، دُعِيْتُمَا ، دُعِيْتُمْ ، دُعِيْتِ ، دُعِيْتُمَا ، دُعِيْتُنَّ ، دُعِيْتُ ، دُعِيْنَا .

دُعُوْا ئەسلىدە دُعِوُوْا بولۇپ «و»، كەلىمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى بولۇپ، كەلگەنلىكتىن ئۇنى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك دُعِيُوْا بولدى، بۇنىڭ قالغان ئىئلالىنى رُمِيُوْا نىڭ ئىئلالىغا قىياس قىلىشىلىك .

## الفعل المُضَارِع
## ھازىرقى زامان پېئىلى

مۇزارىئە يَدْعُوْ كېلىدۇ، بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

يَدْعُوْ، يَدْعُوَانِ ، يَدْعُوْنَ ، تَدْعُو ، تَدْعُوَانِ ، يَدْعُوْنَ ، تَدْعُو ، تَدْعُوَانِ ، تَدْعُوْنَ ، تَدْعِيْنَ ، تَدْعُوَانِ ، تَدْعُوْنَ ، اَدْعُوْ ، نَدْعُوْ .

يَدْعُوْنَ ، تَدْعُوْنَ قاتارلىقلار ئەسلىدە يَدْعُوُوْنَ ، تَدْعُوُوْنَ بولۇپ «و» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك يَدْعُوْوْنَ ، تَدْعُوْوْنَ قالدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۇغلىشىپ قالغانلىقتىن «و» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك يَدْعُوْنَ ۋە تَدْعُوْنَ قالدى .

تَدْعِيْنَ ئەسلىدە تَدْعُوِيْنَ بولۇپ «و» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «و» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك تَدْعِوْيْنَ بولدى، «و» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولدى، شۇڭا «و» نى «يـــ» غا

يۆتكۈزۈلىدۇ: تەبەرىكلەش يۆتكۈزۈلسە بولمايدۇ.

يۆتكۈزۈلسەك تَدْعِيْيْنَ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن ئاۋۋالقى «يــ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك تَدْعِيْنَ قالدى .

يَدْعُوْ نىڭ مەجھۇلى يُدْعى كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە يُدْعَوُ ئىدى، «و» كەلىمىنىڭ تۆتىنچى ھەرپى بولۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك يُدْعَيُ بولدى، «يــ» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولغانلىقتىن «يـ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك يُدْعى بولدى .

ئون بىرىنچى قائىدە: «و» كەلىمىنىڭ تۆتىنچى ياكى بەشىنچى ھەرپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولمىسا ئۇنى «يــ» غا يۆتكىۋېتىمىز .

يُدْعى نىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يُدْعى ، يُدْعَيَانِ ، يُدْعَوْنَ ، تُدْعى ، تُدْعَيَانِ ، يُدْعَيْنَ ، تُدْعى ، تُدْعَيَانِ ، تُدْعَوْنَ ، تُدْعَيْنَ ، تُدْعَيَانِ ، تُدْعَيْنَ ، اُدْعى ، نُدْعى .

إسم الفاعل

ئىنىق سۈپەتداش

ئىسىم پائىل دَاعٍ كېلىدۇ، بۇ ئەسلىدە دَاعِوٌ ئىدى، «و» نىڭ كەلىمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى بولۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ كەسرەلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى «يـ» غا يۆتكىۋەتسەك دَاعِيٌ بولدى، «يـ» غا زەممە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك دَاعِيْنْ بولدى، ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە جۈغلىشىپ قالغانلىقتىن «يـ» نى ھەزىپ قىلىۋەتسەك دَاعٍ قالدى. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

دَاعٍ ، دَاعِيَانِ ، دَاعُونَ ، دَاعِيَةٌ ، دَاعِيَتَانِ ، دَاعِيَاتٌ .

5. مُفَاعَلَةٌ بابىغا ئوخشاش ئەسلىي پېئىلنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى تەرىپىدىن ئورتاق قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ . مەسىلەن: إِخْتَصَمَ إبراهيم و إسماعيل (ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن جېدەللەشتى).

6. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنى تەلەپ قىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: إِكْتَدَّ زَنْدًا ( زەيتتىن جاپا چېكىشنى تەلەپ قىلدى) .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىملىرىگە بېرىلگەن مىسال إِحْتَسَبَ ، يَحْتَسِبُ بولۇپ، مەسدىرى إِحْتِسَابٌ (ھېساپ ئالماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ .

إِحْتَسَبَ ، يَحْتَسِبُ ، مُحْتَسِبٌ ، مُحْتَسَبٌ ، لَم يَحْتَسِبْ ، لا يَحْتَسِبُ ، إِحْتَسِبْ ، لِيَحْتَسِبْ ، لا تَحْتَسِبْ ، مُحْتَسَبٌ ، مشترك .



www.uyghurkitap.com

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِحْتَجَّ ، يَحْتَجُّ بولۇپ، مەسدىرى إِحْتِجَاجٌ (ھۆججەتلەشمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِحْتَجَّ ، يَحْتَجُّ ، مُحْتَجٌّ إسم فاعل ۋە إسم مفعول ، لم يَحْتَجَّ ، لا يَحْتَجُّ ، احْتَجَّ ، لِيَحْتَجَّ ، لا تَحْتَجَّ ، مُحْتَجٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِتَّضَحَ ، يَتَّضِحُ بولۇپ، مەسدىرى إِتِّضَاحٌ (ئاشكارىلىماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِتَّضَحَ ، يَتَّضِحُ ، مُتَّضِحٌ ، مُتَّضَحٌ ، لم يَتَّضِحْ ، لا يَتَّضِحُ ، إِتَّضِحْ ، لِيَتَّضِحْ ، لا تَتَّضِحْ ، مُتَّضَحٌ مشترك .

إِتِّضَاحٌ ئەسلىدە إِوْتِضَاحٌ بولۇپ، «و» إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە كەلگەنلىكتىن ئۇنى «تـ» غا يۆتكىۋەتسەك إِتْتِضَاحٌ بولىدى، ئىككى «تـ» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك إِتِّضَاحٌ بولىدى .

ئون تۆتىنچى قائىدە: 1) إِفْتِعَالٌ بابىنىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «و ، يـ ، ث» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا ئۇنى «تـ» گە يۆتكىۋېتىمىز.

مەسىلەن: إِتَّضَحَ ، إِتَّسَرَ ، إِتَّقَرَ

ئەسلىسى : إِوْتَضَحَ ، إِيْتَسَرَ ، إِثْتَقَرَ .

بۇ قائىدىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن «و ، يـ ، ث» قاتارلىق ھەرپلەر باشقا ھەرپتىن يۆتكەلمىگەن ئەسلىي ھەرپلەر بولۇشى كېرەك، إِيْتَكَلَ دېگەن كەلىمىدىكى «يـ» ھەرپى «ء» دىن يۆتكەلگەن بولغاچقا، ئۇ كەلىمىنى إِتَّكَلَ قىلىشقا بولمايدۇ. إِيْتَكَلَ نىڭ ئەسلىسى إِئْتَكَلَ ئىدى.

2) إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «د ، ذ ، ز» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەيمىز ۋە ئۇ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىۋېتىمىز.

مەسىلەن : إِدَّمَعَ ، إِذَّكَرَ ، إِزَّجَرَ

ئەسلىسى: إِدْتَمَعَ ، إِذْتَكَرَ ، إِزْتَجَرَ.

3) إِفْتَعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «ص ، ض ، ط ، ظ» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتَعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى «ط» گە يۆتكەيمىز .

مەسىلەن : إِصْطَلَحَ ، إِضْطَرَبَ ، إِطَّرَدَ ، إِظْطَلَمَ .

ئەسلىيسى: إِصْتَلَحَ ، إِضْتَرَبَ ، إِطْتَرَدَ ، إِظْتَلَمَ .

4) إِفْتَعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «س ، ش» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتَعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەش دۇرۇس .

مەسىلەن : اِسَّمَعَ ، اِشَّبَهَ

ئەسلىيسى : اِسْتَمَعَ ، اِشْتَبَهَ.

5) «ت ، د ، ذ ، ز ، س ، ص ، ض ، ط ، ظ» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى إِفْتَعَالٌ نىڭ «عَ» نىنىڭ باراۋىرىدە كېلىپ قالسا إِفْتَعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەپ ئۇ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىش دۇرۇس .

مەسىلەن : يَقَتِّلُ ، يَبَدِّلُ ، يَخَصِّمُ ، يَنَضِّلُ .

ئەسلىيسى: يَقْتَتِلُ ، يَبْتَدِلُ ، يَخْتَصِمُ ، يَنْتَضِلُ .

يَقَتِّلُ قاتارلىقلارنى يَقِتِّلُ قىلىپ ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن : يَخِصِّمُونَ دېگەنگە ئوخشاش .

تەنبىھ : بۇ قائىدىنىڭ مازىدا ئىشلىتىلىشىدە ئىختىلاپ بولسىمۇ مۇزارىئەدە ئىشلىتىلىش ھەققىدە ئالىملارنىڭ پىكرى بىردەك.

بۇ قائىدىنى مازىدىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ دېگۈچىلەر يۇقىرىقى مىساللارنىڭ مازىسىنى قِتَّلَ ، بِدَّلَ ، بِضَّلَ شەكلىدە كەلتۈرگەن .

قِتَّلَ نىڭ ئەسلىيسى إِقْتَتَلَ بولۇپ، ئاۋۋالقى «تـ» نىڭ ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك إِقَتَّلَ بولدى، ئىككى « تـ » نى ئىدغام قىلىۋەتسەك إِقَّتَلَ بولدى، ھەمزىدىن كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغانلىقتىن ھەمزىگە ئېھتىياجىمىز قالمىدى، شۇڭا ھەمزىنى ھەزىپ قىلىۋەتسەك قَتَّلَ قالدى، بۇ تَفْعِيلٌ بابىنىڭ مازىسىغا ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقتىن «ف» نىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپنى كەسرەلىك قىلساق قِتَّلَ ، بِدَّلَ ، بِضَّلَ بولدى .

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِتَّسَرَ ، يَتَّسِرُ بولۇپ، مەسدىرى إِتِّسَارٌ (قىمار ئوينىماق) كېلىدۇ . بۇنىڭ ئەسلىيسى إِيْتِسَارٌ بولۇپ، «يـ» إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە كەلگەنلىكتىن ئۇنى «تـ» گە يۆتكۈۋەتسەك إِتْتِسَارٌ بولدى، ئىككى «تـ» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك إِتِّسَارٌ بولدى. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِتَّسَرَ ، يَتَّسِرُ ، مُتَّسِرٌ ، مُتَّسَرٌ ، لم يَتَّسِرْ ، لا يَتَّسِرُ ، إِتَّسِرْ ، لِيَتَّسِرْ ، لا تَتَّسِرْ ، مُتَّسَرٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِقْتَاتَ ، يَقْتَاتُ بولۇپ، مەسدىرى إِقْتِيَاتٌ (ئوزۇق تەييارلىماق) كېلىدۇ . بۇ ئەسلىدە إِقْتِوَاتٌ بولۇپ، «و» كەلىمىدە تۆتىنچى ھەرپ بولۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇ «و» نى «يـ» غا يۆتكۈۋەتسەك إِقْتِيَاتٌ بولدى . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِقْتَاتَ ، يَقْتَاتُ ، مُقْتَاتٌ إسم فاعل ۋە إسم مفعول ، لم يَقْتَتْ ، لايَقْتَاتُ ، إِقْتَتْ ، لِيَقْتَتْ ، لا تَقْتَتْ ، مُقْتَاتٌ مشترك .

إِقْتَاتَ ، يَقْتَاتُ قاتارلىقلار ئەسلىدە إِقْتَوَتَ ، يَقْتَوِتُ ئىدى .

إِقْتَاتَ نىڭ مەجھۇلى أُقْتِيْتَ كېلىدۇ، إِقْتَاتَ نى مەجھۇل قىلىش ئۈچۈن ئەسلىگە قايتۇرساق إِقْتَوَتَ بولدى، ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپنى كەسرەلىك قىلساق إِقْتَوِتَ بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلىك ھەرپنى زەممەلىك قىلساق أُقْتُوِتَ بولدى، «و» غا كەسرە ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىۋېتىپ «و» نىڭ كەسرەسىنى ئاشۇ ھەرپكە بەرسەك أُقْتُوْتَ بولدى، «و» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولغانلىقتىن «و» نى «يـ» غا يۆتكۈۋەتسەك أُقْتِيْتَ بولدى .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِكْتَالَ ، يَكْتَالُ بولۇپ، مەسدىرى إِكْتِيَالٌ (ئۆلچىمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِكْتَالَ ، يَكْتَالُ ، مُكْتَالٌ ، لم يَكْتَلْ ، لا يَكْتَالُ ، إِكْتَلْ ، لِيَكْتَلْ ، لا تَكْتَلْ ، مُكْتَالٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِخْتَفَى ، يَخْتَفِي بولۇپ، مەسدىرى إِخْتِفَاءٌ (يوشۇرۇنماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِخْتَفَى ، يَخْتَفِي ، مُخْتَفٍ ، مُخْتَفًى ، لَمْ يَخْتَفِ ، لاَيَخْتَفِي ، إِخْتَفِ ، لِيَخْتَفِ ، لاَ تَخْتَفِ ، مُخْتَفًى

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِحْتَوَى ، يَحْتَوِي بولۇپ، مەسدىرى إِحْتِوَاءٌ (ئۆز ئىچىگە ئالماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِحْتَوَى ، يَحْتَوِي ، مُحْتَوٍ ، مُحْتَوًى ، لَمْ يَحْتَوِ ، لاَيَحْتَوِي ، إِحْتَوِ ، لِيَحْتَوِ ، لاَ تَحْتَوِ ، مُحْتَوًى مشترك .

بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِتَّقَى ، يَتَّقِي بولۇپ، مەسدىرى إِتِّقَاءٌ (ساقلانماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِتَّقَى ، يَتَّقِي ، مُتَّقٍ ، مُتَّقًى ، لَمْ يَتَّقِ ، لاَيَتَّقِي ، إِتَّقِ ، لِيَتَّقِ ، لاَتَتَّقِ ، مُتَّقًى مشترك .

إِتَّقَى ئەسلىدە إِوْتَقَيَ بولۇپ «و» إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە كەلگەنلىكتىن ئۇنى «تـ» گە يۆتكىۋەتسەك إِتْتَقَيَ بولدى، ئىدغام قىلىۋەتسەك إِتَّقَيَ بولدى، «يـ» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك إِتَّقَى بولدى .

يَتَّقِي ئەسلىدە يَوْتَقِيُ بولۇپ، «و» نى «تـ» گە يۆتكىۋەتسەك يَتْتَقِيُ بولدى، ئىككى «تـ» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك يَتَّقِيُ بولدى، «يـ» نىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك يَتَّقِي قالدى .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## بەشىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ بەشىنچى بابى إِنْفَعَلَ ، يَنْفَعِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِنْفِعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِنْفِعَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. ئەسلىي پېئىلنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: قَطَعْتُ الْحَشِيْشَ فَانْقَطَعَ (ئوت-چۆپنى كېسىۋىدىم كېسىلدى) .

2. ئەسلىي پېئىلنىڭ إِفْعَالٌ بابىغا يۆتكەلگەن ھالىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن : أَزْعَجْتُ الْبَابَ فَانْزَعَجَ (ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدىم ئىتتىرىلدى) .

تەنبىھ : بۇ باب ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق قىلىنىدىغان پېئىللارغىلا خاستۇر .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِنْسَحَبَ ، يَنْسَحِبُ بولۇپ، مەسدىرى إِنْسِحَابٌ (چېكىنمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْسَحَبَ ، يَنْسَحِبُ ، مُنْسَحِبٌ ، مُنْسَحَبٌ ، لَمْ يَنْسَحِبْ ، لاَ يَنْسَحِبُ ، اِنْسَحِبْ ، لِيَنْسَحِبْ ، لاَ تَنْسَحِبْ ، مُنْسَحَبٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِنْقَضَّ ، يَنْقَضُّ بولۇپ، مەسدىرى إِنْقِضَاضٌ (سۇنماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْقَضَّ ، يَنْقَضُّ ، مُنْقَضٌّ ، لَمْ يَنْقَضَّ ، لاَ يَنْقَضُّ ، إِنْقَضَّ ، لِيَنْقَضَّ ، لاَ تَنْقَضَّ ، مُنْقَضٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِنْقَادَ ، يَنْقَادُ بولۇپ، مەسدىرى إِنْقِيَادٌ (بويسۇنماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْقَادَ ، يَنْقَادُ ، مُنْقَادٌ ، لَمْ يَنْقَدْ ، لاَ يَنْقَادُ ، اِنْقَدْ ، لِيَنْقَدْ ، لاَتَنْقَدْ ، مُنْقَادٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِنْقَاسَ ، يَنْقَاسُ بولۇپ، مەسدىرى إِنْقِيَاسٌ (قىياس قىلماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْقَاسَ ، يَنْقَاسُ ، مُنْقَاسٌ ، لَمْ يَنْقَسْ، لاَ يَنْقَاسُ ، إِنْقَسْ ، لِيَنْقَسْ ، لاَتَنْقَسْ ، مُنْقَاسٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىملىرىگە بىرىلگەن مىسال إِنْجَلَى ، يَنْجَلِى بولۇپ، مەسدىرى إِنْجِلَاءٌ (ئېچىلماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْجَلَى ، يَنْجَلِى مُنْجَلٍ ، مُنْجَلًى ، لَمْ يَنْجَلِ ، لَاَيَنْجَلِى ،إِنْجَلِ ، لِيَنْجَلِ ، لَا تَنْجَلِ، مُنْجَلًى مشترك .

إِنْجَلَى ئەسلىدە إِنْجَلَوَ بولۇپ، «و» كەلىمىنىڭ تۆتىنچى ھەرپى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك ئەمەس، شۇڭا «و» نى «ى» غا يۆتكىۋەتسەك إِنْجَلَيَ بولدى، «ى» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك إِنْجَلَى بولىدۇ .

يَنْجَلِى ئەسلىدە يَنْجَلِوُ ئىدى .

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىملىرىگە بىرىلگەن مىسال إِنْزَوَى ، يَنْزَوِى بولۇپ، مەسدىرى إِنْزِوَاءٌ (يوشۇرۇنماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِنْزَوَى ، يَنْزَوِى ، مُنْزَوٍ ، مُنْزَوًى ، لَمْ يَنْزَوِ ، لَا يَنْزَوِى ، اِنْزَوِ ، لِيَنْزَوِ ، لَا تَنْزَوِ ، مُنْزَوًى مشترك .

تەنبىھ : مۇلتەۋى بولغان كەلىملەر بۇ بابتا كەلمەيدۇ .

## ئالتىنچى باب

سۇلاسى مەزىتىنىڭ ئالتىنچى بابى إِفْعَلَّ ، يَفْعَلُّ بابى بولۇپ، بۇ ئادەتتە «إِفْعِلاَلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِفْعِلاَلٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. ئەسلىي پېئىلنىڭ سۈپىتىنىڭ پائىلدا پەيدا بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: إِصْفَرَّ وَجْهُ الْمُذْنِبِ (گۇناھكارنىڭ يۈزى ساغىرىپ كەتتى) . بۇ مىسالدىكى ئەسلىي پېئىلنىڭ سۈپىتى صُفْرٌ (سېرىقلىق) دۇر.

2. پېئىللارنىڭ مەنىسىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ ۋە داۋاملىق لازىم پېئىل بولۇپ كېلىپ كۆپىنچە رەڭ ۋە ئەيىبنى مۇبالىغىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: إِسْوَدَّ اللَّيلُ (كېچە قاپ - قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى).

إِفْعَلَّ ، يَفْعَلُّ ئەسلىدە إِفْعَلَلَ ، يَفْعَلِلُ بولۇپ، ئىككى «ل» نى ئىدغام قىلىۋەتسەك إِفْعَلَّ ، يَفْعَلُّ بولغان .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِحْمَرَّ ، يَحْمَرُّ بولۇپ، مەسدىرى إِحْمِرَارٌ (بەك قىزارماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِحْمَرَّ ، يَحْمَرُّ ، مُحْمَرٌّ ، لَمْ يَحْمَرَّ ، لاَ يَحْمَرُّ ، احْمَرَّ ، لِيَحْمَرَّ ، لاَ تَحْمَرَّ ، مُحْمَرٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْوَدَّ ، يَسْوَدُّ بولۇپ، مەسدىرى إِسْوِدَادٌ (بەك قارىيىپ كەتمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِسْوَدَّ ، يَسْوَدُّ ، مُسْوَدٌّ ، لَمْ يَسْوَدَّ ، لاَ يَسْوَدُّ ، اسْوَدَّ ، لِيَسْوَدَّ ، لاَ تَسْوَدَّ ، مُسْوَدٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِبْيَضَّ ، يَبْيَضُّ بولۇپ، مەسدىرى إِبْيِضَاضٌ (بەك ئاقىرىپ كەتمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِبْيَضَّ ، يَبْيَضُّ ، مُبْيَضٌّ ، لَمْ يَبْيَضَّ ، لاَ يَبْيَضُّ ، أَبْيَضَّ ، لِيَبْيَضَّ ، لاَ تَبْيَضَّ ، مُبْيَضٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال إِرْعَوِى ، يَرْعَوِى بولۇپ، مەسدىرى إِرْعِوَاءٌ (گۇمراھلىقتىن قايتماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِرْعَوِى ، يَرْعَوِى ، مُرْعَوٍ ، مُرْعَوًى ، لَمْ يَرْعَوِ ، لاَ يَرْعَوِى ، اِرْعَوِ ، لِيَرْعَوِ ، لاَ تَرْعَوِ ، مُرْعَوًى مشترك .

إِرْعَوِى ، يَرْعَوِى قاتارلىقلار ئەسلىدە إِرْعَوَوَ ، يَرْعَوِوُ بولۇپ، «و» كەلىمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇ «و» نى «ي» غا يۆتكىۋەتسەك إِرْعَوَىَ ، يَرْعَوِىُ بولدى، مازىدا «ي» نى «ا» كە يۆتكىۋەتسەك إِرْعَوِى بولدى. مۇزارىئەدە «ي» نىڭ زەممەسىنى تاشلىۋەتسەك يَرْعَوِى بولدى.

بۇ بابتا ئىككى «و» نى ئىدغام قىلماي يۇقىرىقىدەك ئىئلال قىلىشنىڭ سەۋەبى إِرْعَوِى ، يَرْعَوِى نىڭ تىلغا يېنىك بولغانلىقىدىندۇر.

## يەتتىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ يەتتىنچى بابى إِفْعَالَّ ، يَفْعَالُّ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِفْعِيْلَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِفْعِيْلَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ باب پېئىللارنىڭ مەنىسىنى ئالتىنچى بابتىكىدىنمۇ قاتتىقراق مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىپ داۋاملىق لازىم پېئىل بولۇپ كېلىدۇ شۇنداقلا رەڭ ۋە ئەيىبنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللارغا خاس قىلىنىدۇ.

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِحْمَارَّ ، يَحْمَارُّ بولۇپ، مەسدىرى إِحْمِيْرَارٌ (قىپقىزىل بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِحْمَارَّ ، يَحْمَارُّ ، مُحْمَارٌّ ، لَمْ يَحْمَارَّ ، لَا يَحْمَارُّ ، اِحْمَارَّ ، لِيَحْمَارَّ ، لَا تَحْمَارَّ ، مُحْمَارٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْوَادَّ ، يَسْوَادُّ بولۇپ، مەسدىرى إِسْوِدَادٌ (قاپقارا بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِسْوَادَّ ، يَسْوَادُّ ، مُسْوَادٌّ ، لَمْ يَسْوَادَّ ، لَا يَسْوَادُّ ، اِسْوَادَّ ، لِيَسْوَادَّ ، لَا تَسْوَادَّ ، مُسْوَادٌّ مشترك .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يائى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِبْيَاضَّ ، يَبْيَاضُّ بولۇپ، مەسدىرى إِبْيِيْضَاضٌ (ئاپئاق بولماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِبْيَاضَّ ، يَبْيَاضُّ ، مُبْيَاضٌّ ، لَمْ يَبْيَاضَّ ، لَا يَبْيَاضُّ ، اِبْيَاضَّ ، لِيَبْيَاضَّ ، لَا تَبْيَاضَّ ، مُبْيَاضٌّ مشترك .

## سەككىزىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ سەككىزىنچى بابى تَفَعَّلَ ، يَتَفَعَّلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «تَفَعُّلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى تَفَعُّلٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك توققۇز خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. ئەسلىي پېئىلنىڭ تَفْعِيلٌ بابىغا يۆتكەلگەن ھالىتىدىكى مەنىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ . مەسىلەن: عَلَّمْتُ إِبْرَاهِيمَ فَتَعَلَّمَ (ئىبراھىمغا ئۆگەتتۇىدىم ئۆگىنىۋالدى) .

2. مەلۇم بىر نەرسىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋالغانلىق مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : تَوَسَّدْتُ التُّرَابَ (توپىنى ياستۇق قىلىۋالدىم) .

3. ئۆزىدە مەلۇم بىر سۈپەتنى باردەك كۆرسىتىشكە تىرىشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: تَشَجَّعَ زَيْدٌ (زەيد ئۆزىنى باتۇر كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى) .

4. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىدىن ئۆزىنى تارتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : تَهَجَّدَ إِبْرَاهِيمُ (ئىبراھىم ئۇيقۇدىن ئۆزىنى تارتتى). ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرى هُجُودًا (ئۇخلىماق) ئىدى .

5. ئەسلىي پېئىلنىڭ تەدرىجىي يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: تَفَهَّمَ زَيْدٌ (زەيد تەدرىجىي چۈشەندى) .

6. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنىڭ مەنىسىنى تەلەپ قىلىشنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ . مەسىلەن: تَعَجَّلَ الشَّخْصَ (ئۇ كىشىدىن تېز بولۇشنى تەلەپ قىلدى) .

7. بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا ئۆزگىرىپ قېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : تَأَيَّمَتِ الْمَرْأَةُ (ئۇ ئايال تۇل بولۇپ قالدى).

8. پائىلنىڭ ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنى مەيئۇل قىلىۋالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : تَبَنَّيْتُ إِبْرَاهِيمَ (ئىبراھىمنى بالا قىلىۋالدىم).

9. تەۋە قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : تَبَدَّى زَيْدٌ ( زەيد سەھرالىق بولۇپ كەتتى) .

تەنبىھ : سۇلاسى مەزىتنىڭ سەككىزىنچى ، توققۇزىنچى بابلىرىنىڭ ۋە رۇبائى مۇجەررەتنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ، مۇزارىئە پېئىللىرىنىڭ ئىككى «ت» سىنىڭ بىرىنى ھەزىپ قىلىۋېتىش دۇرۇس .

مەسىلەن : تَصَدَّى ، تَنَزَّلُ

ئەسلىيسى: تَتَصَدَّى ، تَتَنَزَّلُ .

يۇقىرىقىدەك «ت» ھەزىپ قىلىنىپ كەتكەن مۇزارىئە پېئىلىدىن ئەمىر ھازىر فَعَّلْ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَفَصَّحَ ، يَتَفَصَّحُ بولۇپ، مەسدىرى تَفَصُّحٌ (پاساھەتلىك سۆز قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

تَفَصَّحَ ، يَتَفَصَّحُ ، مُتَفَصِّحٌ ، مُتَفَصَّحٌ ، لَمْ يَتَفَصَّحْ ، لَا يَتَفَصَّحُ ، تَفَصَّحْ ، لِيَتَفَصَّحْ ، لَا تَتَفَصَّحْ ، مُتَفَصَّحٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ مۇزائەف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَجَدَّدَ ، يَتَجَدَّدُ بولۇپ، مەسدىرى تَجَدُّدٌ (يېڭىلانماق) كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

تَجَدَّدَ ، يَتَجَدَّدُ ، مُتَجَدِّدٌ ، مُتَجَدَّدٌ ، لَمْ يَتَجَدَّدْ ، لَا يَتَجَدَّدُ ، تَجَدَّدْ ، لِيَتَجَدَّدْ ، لَا تَتَجَدَّدْ ، مُتَجَدَّدٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ مىسال بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَوَرَّدَ ، يَتَوَرَّدُ بولۇپ، مەسدىرى تَوَرُّدٌ (سۇغا كەلمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَيَسَّرَ ، يَتَيَسَّرُ بولۇپ، مەسدىرى تَيَسُّرٌ (ئاسانلاشماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَحَيَّرَ ، يَتَحَيَّرُ بولۇپ، مەسدىرى تَحَيُّرٌ (تېڭىرقىماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَقَضَّى ، يَتَقَضَّى بولۇپ، مەسدىرى تَقَضٍّ (تۈگىمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَرَوَّى ، يَتَرَوَّى بولۇپ، مەسدىرى تَرَوٍّ (سۇغا قانماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ لەفىف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَزَيَّى ، يَتَزَيَّى بولۇپ، مەسدىرى تَزَيٍّ (ياسانماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَوَفَّى ، يَتَوَفَّى بولۇپ، مەسدىرى تَوَفٍّ (ئۆلتۈرمەك) كېلىدۇ .

www.uyghurkitap.com

## توقۇزىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ توققۇزىنچى بابى تَفَاعَلَ ، يَتَفَاعَلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «تَفَاعُلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى تَفَاعُلٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ.

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك شەخسلەر تەرىپىدىن ئورتاق ئورۇندالغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: تَخَاصَمَ زَيْدٌ وعَمْرٌ (زەيد ئەمىر بىلەن دەۋالاشتى).

2. يۈز بەرمىگەن ئىشنى يۈز بەرگەن قىياپەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : تَنَاوَمَ الْوَلَدُ (بالا ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى) .

3. ئەسلىي پېئىلنىڭ مُفَاعَلَةٌ بابىغا يۆتكەلگەن ھالىتىدىكى مەنىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : بَاعَدْتُهُ فَتَبَاعَدَ ( ئۇنى يىراق قىلىۋىدىم يىراق بولدى) .

4. ئەسلىي پېئىلنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: تَوَانَيْتُ ، وَنَيْتُ (ئاجىزلاشتىم) .

5. ئەسلىي پېئىلنىڭ تەدرىجىي يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : تَوَارَدَ الطُّلاَّبُ (ئوقۇغۇچىلار تەدرىجىي يېتىپ كەلدى).

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال تَدَارَكَ ، يَتَدَارَكُ بولۇپ، مەسدىرى تَدَارُكٌ (تاپماق) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

تَدَارَكَ ، يَتَدَارَكُ ، مُتَدَارِكٌ ، مُتَدَارَكٌ ، لم يَتَدَارَكْ ، لا يَتَدَارَكُ ، تَدَارَكْ ، لِيَتَدَارَكْ ، لا تَتَدَارَكْ ، مُتَدَارَكٌ مشترك

تَدَارَكَ نىڭ مەجھۇلى تُدُورِكَ كېلىدۇ، بۇنى سُوْفِرَ نىڭ ئىلالىغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

تەنبىھ : تَفَعُّلٌ ، تَفَاعُلٌ قاتارلىق ئىككى بابتىكى پېئىللارنىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «ت ، د، ذ ، ز ، س ، ش ، ص ، ض ، ط ، ظ» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا ئۇ پېئىللارنىڭ ئاۋۋىلىدىكى «تـ» نى ئاشۇ ھەرپىنىڭ جىنسىغا يۆتكەپ، ئۇ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىش ۋە كەلىمىنىڭ ئالدىغا كەسرەلىك ھەمزىنى كەلتۈرۈش دۇرۇس.

مەسىلەن : تَذَكَّرَ ، تَطَهَّرَ ، تَزَيَّنَ .

«ف» باراۋىرىدىكى ھەرپلەرنىڭ يۆتكەلگەن چاغدىكى ھالىتى : ذَذَكَّرَ ، طَطَهَّرَ ، زَزَيَّنَ .

« ف » باراۋىرىدىكى ھەرپلەر يۆتكەلگەن ۋە ئالدىغا

ھەمزە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى : إِذَّكَّرَ ، إِطَّهَّرَ، إِزَّيَّنَ.

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَصَامَّ ، يَتَصَامُّ بولۇپ، مەسدىرى تَصَامُمٌ (ئاڭلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋالماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَوَارَثَ ، يَتَوَارَثُ بولۇپ، مەسدىرى تَوَارُثٌ (ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراسخور بولماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَيَاسَرَ ، يَتَيَاسَرُ بولۇپ، مەسدىرى تَيَاسُرٌ (سول تەرەپكە ماڭماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَزَايَدَ ، يَتَزَايَدُ بولۇپ، مەسدىرى تَزَايُدٌ (رىقابەتلەشمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَصَابَى ، يَتَصَابَى بولۇپ، مەسدىرى تَصَابِيٌ (كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَدَاوَى ، يَتَدَاوَى بولۇپ، مەسدىرى تَدَاوِيٌ (داۋالانماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال تَوَارَى ، يَتَوَارَى بولۇپ، مەسدىرى تَوَارِيٌ (يوشۇرۇنماق) كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ ئونىنچى بابى إِسْتَفْعَلَ ، يَسْتَفْعِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِسْتِفْعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِسْتِفْعَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ :

1. ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىنىڭ مەنىسىنى تەلەپ قىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : إِسْتَخْرَجْتُ زَيْدًا (زەيدىدىن چىقىشنى تەلەپ قىلدىم) .

2. مەلۇم بىر نەرسىدە مەلۇم بىر خىل سۈپەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : إِسْتَعْظَمْتُ زَيْدًا (زەيدىنى ئۇلۇغ دەپ قارىدىم) .

3. پائىلنىڭ ئەسلىي پېئىلنىڭ مەسدىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: إِسْتَحْجَرَالطِّيْنُ (لاي تاشقا ئايلىنىپ قالدى) .

4. ئەسلىي پېئىلنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنىلا ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: إِسْتَقَرَّ (قارار ئالدى) .

5. ئۆرۈنۈش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : اِسْتَجْرَأَ زَيْدٌ (زەيد جۈرئەتلىك بولۇشقا ئۆرۈندى).

6. إِفْعَالٌ بابىدىكى پېئىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : أَرَاحَهُ فَاسْتَرَاحَ (ئۇنى ئارام ئالدۇرۇۋىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارام ئالدى).

ئون بەشىنچى قائىدە : بۇ بابنىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «ط» كەلسە «ت» نى ھەزىپ قىلىۋېتىش دۇرۇس. مەسىلەن : ﴿فَمَا اسْطَاعُوا أَنْ يَظْهَرُوهُ وَمَا اسْتَطَاعُوا لَهُ نَقْبًا﴾ (ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى)، ئەسلىيسى «فَمَا اسْتَطَاعُوا أَنْ يَظْهَرُوهُ وَمَا اسْتَطَاعُوا لَهُ نَقْبًا».

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَنْسَخَ ، يَسْتَنْسِخُ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِنْسَاخٌ (كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَحَبَّ ، يَسْتَحِبُّ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِحْبَابٌ (ياخشى كۆرمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مىسال بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَوْجَبَ ، يَسْتَوْجِبُ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِيجَابٌ (ۋەزىپەم دەپ قارىماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مىسال يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَيْسَرَ ، يَسْتَيْسِرُ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِيسَارٌ (ئاسانلاشماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَجَابَ ، يَسْتَجِيبُ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِجَابَةٌ (ھاجىتىنى راۋا قىلماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَبَاعَ ، يَسْتَبِيعُ بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِبَاعَةٌ (سېتىشنى تەلەپ قىلماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَهْدَى ، يَسْتَهْدِي بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِهْدَاءٌ (ھىدايەت تەلەپ قىلماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ لەفىف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَهْوَى ، يَسْتَهْوِي بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِهْوَاءٌ (ھەيران قالدۇرماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ لەفىف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَحْيَى ، يَسْتَحْيِي بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِحْيَاءٌ (ئۇيالماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ مۇلتەۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِسْتَوْفَى ، يَسْتَوْفِي بولۇپ، مەسدىرى إِسْتِيفَاءٌ (تولۇق بولۇشنى تەلەپ قىلماق) كېلىدۇ .

## ئون بىرىنچى باب

سۇلاسى مەزىتنىڭ ئون بىرىنچى بابى إِفْعَوْعَلَ ، يَفْعَوْعِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِفْعِيْعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِفْعِيْعَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ:

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلى پېئىلنىڭ مەنىسىگە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ .

1. ئەسلي پېئىلنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن : اِحْلَوْلَى التَّمْرُ ( خورما تەمگە كىردى)، ئۇ حَلاَ مەنىسىدە.

2. ئەسلي پېئىلنىڭ مەنىسىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن : إِحْدَوْدَبَ زَيْدٌ (زەيد مۈكچىيىپ كەتتى).

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِحْدَوْدَبَ ، يَحْدَوْدِبُ بولۇپ، مەسدىرى إِحْدِيْدَابٌ (مۈكچىيىپ كەتمەك) كېلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتىقاق قىلىنىدۇ :

إِحْدَوْدَبَ ، يَحْدَوْدِبُ ، مُحْدَوْدِبٌ ، مُحْدَوْدَبٌ ، لَمْ يَحْدَوْدِبْ ، لاَيَحْدَوْدِبُ ، اِحْدَوْدِبْ ، لِيَحْدَوْدِبْ ، لاَ تَحْدَوْدِبْ ، مُحْدَوْدَبٌ مشترك .

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِعْرَوْرَى ، يَعْرَوْرِى بولۇپ، مەسدىرى إِعْرِيْرَاءٌ (يالىڭاچ ھالدا ئاتقا مىنمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابتا يۇقىرىقىدىن باشقا ئەقساملار كەلمەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

## ئون ئىككىنچى باب

سۇلاسى مەزىتىنىڭ ئون ئىككىنچى بابى إِفْعَوَّلَ ، يَفْعَوِّلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِفْعِوَّالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مەسدىرى إِفْعِوَّالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەرمۇ ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِجْلَوَّزَ ، يَجْلَوِّزُ بولۇپ، مەسدىرى إِجْلِوَّازٌ (تېز ماڭماق) كېلىدۇ .

بۇ بابتا سەھىھ دىن باشقا ئەقساملار كەلمىگەن.

## الفعلُ الرباعيُّ المُجرّدُ

## توّتلوك ئوْزەك پىئىل

روْبائى موْجەررەت فَعْلَلَ ، يُفَعْلِلُ دىن ئىبارەت بىرلا باب بولوْپ، ئادەتتە «فَعْلَلَةٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوْنىڭ مەسدىرى فَعْلَلَةٌ فِعْلَالٌ قاتارلىق ئىككى خىل ۋەزىندە كېلىدۇ.

بوْ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال دَحْرَجَ ، يُدَحْرِجُ بولوْپ، مەسدىرى دَحْرَجَةٌ ، دِحْرَاجٌ (يوْمىلاتماق) كېلىدۇ . بوْنىڭدىن توّۋەندىكىدەك ئون خىل كەلىمە ئىشتقاق قىلىنىدۇ :

دَحْرَجَ ، يُدَحْرِجُ ، مُدَحْرِجٌ ، مُدَحْرَجٌ ، لَمْ يُدَحْرِجْ ، لا يُدَحْرِجُ ، دَحْرِجْ ، لِيُدَحْرِجْ ، لا تُدَحْرِجْ ، مُدَحْرَجٌ مشترك .

بوْ بابنىڭ موْزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال صَرْصَرَ ، يُصَرْصِرُ بولوْپ، مەسدىرى صَرْصَرَةٌ ، صِرْصَارٌ (ۋارقىرىماق) كېلىدۇ.

بوْ بابنىڭ مىسال ھەم موْزائەپ روْبائى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال وَسْوَسَ ، يُوَسْوِسُ بولوْپ، مەسدىرى وَسْوَسَةٌ ، وِسْوَاسٌ (ئىككىلەنمەك) كېلىدۇ.

بوْ بابنىڭ ئەجۋەف ۋاۋى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال جَوْرَبَ ، يُجَوْرِبُ بولوْپ، مەسدىرى جَوْرَبَةٌ ، جِيْرَابٌ (پايپاق كىيگۈزمەك)كېلىدۇ .

بوْ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال شَيْطَنَ ، يُشَيْطِنُ بولوْپ، مەسدىرى شَيْطَنَةٌ شِيْطَانٌ (ھالاك قىلماق) كېلىدۇ .

بوْ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال قَلْسَى ، يُقَلْسِي بولوْپ، مەسدىرى قَلْسَةٌ ، قِلْسَاءٌ (دوپپا كىيگۈزمەك) كېلىدۇ .

بوْ بابنىڭ لەفىف بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال ضَوْضَى ، يُضَوْضِي بولوْپ، مەسدىرى ضَوْضَاةٌ ، ضِيْضَاءٌ (ۋارقىرىماق) كېلىدۇ . بوْلارنىڭ ئەسلىيسى ضَوْضَوَةٌ ، ضَوْضَاوٌ ئىدى.



www.uyghurkitap.com

## الفِعلُ الرباعيُّ المَزِيدُ

## تۆتلۇك ياسالما ئۇزەك پېئىل

رۇبائى مەزىت ئۈچ باب بولۇپ، بۇ بابلاردا كەلگەن پېئىللارنىڭ ھەممىسى لازىم پېئىللاردۇر.

### بىرىنچى باب

رۇبائى مەزىتنىڭ بىرىنچى بابى تَفَعْلَلَ ، يَتَفَعْلَلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «تَفَعْلُلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەسدىرى تَفَعْلُلٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ باب رۇبائى مۇجەررەت بولغان پېئىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن : دَحْرَجْتُهُ فَتَدَحْرَجَ (ئۇنى يۇمىلىتىۋىدىم يۇمىلىدى).

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال تَدَحْرَجَ ، يَتَدَحْرَجُ بولۇپ، مەسدىرى تَدَحْرُجٌ (يۇمۇلىماق) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ مۇزائەپ بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال تَصَلْصَلَ ، يَتَصَلْصَلُ بولۇپ، مەسدىرى تَصَلْصُلٌ (تۆمۈرنىڭ ئاۋاز چىقارماقلىقى) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال تَجَوْرَبَ ، يَتَجَوْرَبُ بولۇپ، مەسدىرى تَجَوْرُبٌ (پايپاق كىيمەك) كېلىدۇ .

بۇ بابنىڭ ئەجۋەف يايى بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال تَشَيْطَنَ ، يَتَشَيْطَنُ بولۇپ، مەسدىرى تَشَيْطُنٌ (ھالاك بولماق) كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ ناقىس بولغان كەلىمىلىرىگە بىرىلگەن مىسال تَقَلْسَى، يَتَقَلْسَى بولۇپ، مەسدىرى تَقَلْسٍ (دوپپا كىيمەك) كېلىدۇ .

## ئىككىنچى باب

رۇبائى مەزىتنىڭ ئىككىنچى بابى إِفْعَنْلَلَ ، يَفْعَنْلِلُ بابى بولۇپ، ئادەتتە «إِفْعِنْلَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەسدىرى إِفْعِنْلَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپمۇ رۇبائى مۇجەررەت پېئىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە مۇبالىغىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن: حَرْجَمْتُ الإبِلَ فَاحْرَنْجَمَتْ (تۆگىلەرنى يىغىۋىدىم نۇرغۇن تۆگىلەر يىغىلدى) .

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِبْرَنْشَقَ ، يَبْرَنْشِقُ بولۇپ، مەسدىرى إِبْرِنْشَاقٌ (چېچەكلىمەك) كېلىدۇ .

## ئۈچىنچى باب

رۇبائى مەزىتنىڭ ئۈچىنچى بابى إِفْعَلَلَّ ، يَفْعَلِلُّ بولۇپ، ئادەتتە «إِفْعِلْلَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەسدىرى إِفْعِلْلَالٌ ۋەزنىدە كېلىدۇ .

بۇ بابتا زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەرپلەر ئەسلىي پېئىلنىڭ مەنىسىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

بۇ بابنىڭ سەھىھ بولغان كەلىمىلىرىگە بېرىلگەن مىسال إِقْشَعَرَّ ، يَقْشَعِرُّ بولۇپ، مەسدىرى إِقْشِعْرَارٌ (قورقۇنچتىن بەدىنىنى تىترەك باسماق) كېلىدۇ .

بىز يۇقىرىدا يىگىرمە ئىككى باب بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق . تۆۋەندە ئاشۇ بابلارغا مُلْحَقٌ (قوشۇپ قويۇلىدىغان) قىلىنىدىغان ئون ئۈچ باب بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز .

## مُلْحَقَاتٌ

## قوشۇتىلغۇچىلەر

رۇبائى مۇجەررەتكە قوشۇپ قويۇلىدىغان ئالتە باب .

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
|---|---|---|
| فَعْلَلَ | شَمْلَلَ | تېز ماڭدى. |
| فَوْعَلَ | حَوْقَلَ | ئاجىزلاشتى. |
| فَيْعَلَ | بَيْطَرَ | ئاتنى تاقىلىدى. |
| فَعْوَلَ | جَهْوَرَ | ئاشكارا بولدى. |
| فَعْنَلَ | قَلْنَسَ | دوپپا كىيدى. |
| فَعْلَى | قَلْسَى | دوپپا كىيدۈردى. |

رۇبائى مەزىتنىڭ بىرىنچى بابىغا قوشۇپ قويۇلىدىغان بەش باب .

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
|---|---|---|
| تَفَعْلَلَ | تَجَلْبَبَ | تون كىيدى. |
| تَفَوْعَلَ | تَجَوْرَبَ | پايپاق كىيدى. |
| تَفَعْلَلَ | تَشَيْطَنَ | ھالاك بولدى. |
| تَفَيْعَلَ | تَرَهْوَكَ | تەكەببۇرلۇق قىلدى. |
| تَفَعْوَلَ | تَمَسْكَنَ | بىچارە بولۇپ قالدى. |

رۇبائى مەزىتنىڭ ئىككىنچى بابىغا قوشۇپ قويۇلىدىغان ئىككى باب .

| ۋەزنى | مىسالى | مەنىسى |
|---|---|---|
| إِفْعَنْلَلَ | إِقْعَنْسَسَ | مەيدىسىنى كەردى. |
| إِفْعَنْلَى | إِسْلَنْقَى | ئوڭدىسىغا ياتتى. |

www.uyghurkitap.com

## خاتىمە

خاتىمىدە ئاساسلىقى مەھمۇز بولغان كەلىمىلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز .

كەلىمىدە فَعَلَ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «أ» بولسا بۇ كەلىمىنى «مهموز الفاء» دەيمىز.

مەسىلەن: «أَخَذَ».

كەلىمىدە فَعَلَ نىڭ «ع» نىڭ باراۋىرىدە «أ» بولسا، بۇ كەلىمىنى «مهموز العين» دەيمىز.

مەسىلەن: «سَأَلَ» .

كەلىمىدە فَعَلَ نىڭ «ل» نىڭ باراۋىرىدە «أ» بولسا، بۇ كەلىمىنى «مهموز اللام» دەيمىز .

مەسىلەن : «قَرَأَ» .

مەھمۇز بولغان كەلىمىلەرگە ئالاقىدار قائىدىلەر .

1. ھەمزە ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا ھەمزىنى ئاشۇ ھەرىكەتلەرگە مۇناسىپ بولغان ھەرپكە يۆتكەيمىز .

مەسىلەن: رَاسٌ، لُومٌ، بِيرٌ .

ئەسلىسى : رَأْسٌ، لُؤْمٌ، بِئْرٌ .

2. ئەگەر ھەمزە ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپمۇ ھەرىكەتلىك بولسا ھەمزە ئۆز ھالىدا قېلىۋېرىدۇ . مەسىلەن: سَأَلَ ، لَؤُمَ ، رَؤُفَ .

3. ھەمزە فەتھەلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك ياكى زەممەلىك بولسا ھەمزىنى ئاشۇ ھەرىكەتلەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان ھەرپكە يۆتكەيمىز.

مەسىلەن : مِيَرٌ ، جُوَرٌ.

ئەسلىسى : مِئَرٌ ، جُؤَرٌ .

4. ھەمزە ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولسا ھەمزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاشۇ ھەرپكە بېرىپ ھەمزىنىڭ ئۆزىنى ھەزىپ قىلىۋېتىمىز .

مەسىلەن : يَرَى ، مَسَلَةٌ ، مَلَكٌ .

ئەسلىسى : يَرْأَىُ، مَسْئَلَةٌ، مَلْئَكٌ .

يَرَى نىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

يَرَى ، يَرَيَانِ ، يَرَوْنَ ، تَرَى ، تَرَيَانِ ، يَرَيْنَ ، تَرَى ، تَرَيَانِ ، تَرَوْنَ ، تَرَيْنَ ، تَرَيَانِ ، تَرَيْنَ ، أَرَى ، نَرَى .

يَرى نىڭ مازىسى رَآى بولۇپ، بۇنىڭ ئىلالىمۇ رَمى نىڭ ئىلالىغا ئوخشاش، شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ .

رَآى ، يَرى دىن ئەمىر هازىر «رَ» كېلىدۇ. بۇنىڭ سىيغىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

رَ ، رَيَا ، رَوْا ، رَىْ ، رَيَا ، رَيْنَ .

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە مەهمۇز بولغان كەلىمىلەرنىڭ بابلىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن مىساللار رەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىڭ .

«مهموز الفاء» بولغان كەلىمىلەر تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بەش باپتا كېلىدۇ .

| بابلار | مىساللار | مەسدەرلەر | مەنىلەر |
|---|---|---|---|
| فَعَلَ يَفْعِلُ | اَدَبَ يَأْدِبُ | مَأْدَبَةٌ | تاماققا چاقىرماق |
| فَعَلَ يَفْعُلُ | أَخَذَ يَأْخُذُ | أَخْذٌ | ئالماق |
| فَعَلَ يَفْعُلُ | أَهَبَ يَأْهَبُ | أَهْبَةٌ | هازىر بولماق |
| فَعِلَ يَفْعَلُ | أَرِجَ يَأْرَجُ | أَرَجٌ | ئىسرىق سالماق |
| فَعَلَ يَفْعُلُ | أَسَلَ يَأْسُلُ | أَسْلٌ | ئۇزارماق |
| «مهموز العين» بولغان كەلىمىلەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باپتا كېلىدۇ. | | | |
| فَعَلَ يَفْعَلُ | رَأَى يَرَى | رُؤْيَةٌ | كۆرمەك |
| فَعِلَ يَفْعَلُ | يَئِسَ يَيْئَسُ | يَأْسٌ | ئۈمىدسىزلەنمەك |
| فَعُلَ يَفْعُلُ | لَؤُمَ يَلْؤُمُ | لُؤْمٌ | پەسكەش نەسەبتىن بولماق |
| «مهموزاللام» بولغان كەلىمىلەر تۆۋەندىكىدەك تۆت باپتا كېلىدۇ. | | | |
| فَعَلَ يَفْعَلُ | سَبَأَ يَسْبَأُ | سَبْأٌ | كۆيدۈرمەك |
| فَعِلَ يَفْعَلُ | صَدِئَ يَصْدَئُ | صُدْأَةٌ | داتلىشىش |
| فَعِلَ يَفْعَلُ | هَنَأَ يَهْنَأُ | هَنَاءَةٌ | تاماق سىڭمەك |
| فَعُلَ يَفْعُلُ | جَرُؤَ يَجْرُؤُ | جُرْأَةٌ | جۈرئەتلىك بولماق |

## قائىدىلەر

بىرىنچى قائىدە : ئوخشاش بولغان ئىككى ھەرپ بىر يەردە بولۇپ، ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق، ئىككىنچىسى ھەرىكەتلىك بولسا ئاۋۋالقىسىنى ئىككىنچىسىگە ئىدغام قىلىمىز .

ئىككىنچى قائىدە: ئەرەب تىلىدا ئاشكارا ياكى تەقدىرى بولغان كەسرە بىلەن فەتھەلىك ھالەتتىكى مۇزارىئە ھەرپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن «و» ھەزىپ قىلىنىپ كېتىدۇ . ئەمما، كەسرەلىك ھەرپ ئۆزگىرىپ كەتسە «و» ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ . مەسىلەن : يُوْثَبُ دېگەنگە ئوخشاش .

ئۈچىنچى قائىدە: «و» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولسا «و» نى «ي» غا يۆتكەيمىز .

تۆتىنچى قائىدە : «ي» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولسا «ي» نى «و» غا يۆتكەيمىز .

بەشىنچى قائىدە : «و» ۋە «ي» قاتارلىق ھەرپلەر ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ فەتھەلىك بولسا بۇ ھەرپلەرنى «ا» كە يۆتكەيمىز . قَالَ ، بَاعَ دېگەنگە ئوخشاش. بۇلار ئەسلىدە قَوَلَ ، بَيَعَ ئىدى .

ئالتىنچى قائىدە : ساكىنلىق بولغان ئىككى ھەرپ بىر يەردە جۈغلىشىپ قالسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ھەزىپ قىلىۋېتىمىز .

يەتتىنچى قائىدە : «و» ۋە «ي» قاتارلىق ھەرپلەر زائىد ھېسابلىنىدىغان «ا» تىن كېيىن كەلسە ئۇلارنى ھەمزىگە يۆتكەيمىز. مىسال: قَائِلٌ ، بَائِعٌ دېگەنگە ئوخشاش . بۇلارنىڭ ئەسلىيسى قَاوِلٌ ، بَايِعٌ ئىدى .

سەككىزىنچى قائىدە : بىر كەلىمىدە «و» بىلەن «ي» بىر يەردە كەلسە ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ساكىنلىق بولسا «و» نى «ي» غا يۆتكەيمىز .

توققۇزىنچى قائىدە : «و» دىن يۆتكەلگەن ئەلىف، «ا» شەكلىدە يېزىلىدۇ .

ئونىنچى قائىدە : «و» كەلىمىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كەسرەلىك بولسا «و» نى «ي» غا ئۆزگەرتىمىز .

ئون بىرىنچى قائىدە: «و» كەلىمىنىڭ تۆتىنچى ياكى بەشىنچى ھەرپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولمىسا ئۇنى «ي» غا ئۆزگەرتىمىز .

ئون ئىككىنچى قائىدە : سۇلاسى مۇجەررەتتىن باشقا كەلىمىلەردىن ئىسىم مەپئۇل، ئىسىم زامان ۋە مەسدەر مىمى قاتارلىقلار ئوخشاش بىر ۋەزىندە كېلىدۇ .

ئون ئۈچىنچى قائىدە: «ا» ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەممەلىك بولسا «ا» نى «و» غا ئۆزگەرتىمىز .

ئون تۆتىنچى قائىدە: 1) إِفْتِعَالٌ بابىنىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «و، ي، ث» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا ئۇنى «ت» گە ئۆزگەرتىمىز.

مەسىلەن: إِتَّضَحَ ، إِتَّسَرَ ، إِثَّقَرَ

ئەسلىسى : إِوْتَضَحَ ، إِيْتَسَرَ ، إِثْتَقَرَ .

بۇ قائىدىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن «و، ي، ث» قاتارلىق ھەرپلەر باشقا ھەرپتىن ئۆزگەرتىلمىگەن ئەسلي ھەرپلەر بولۇشى كېرەك، إِيْتَكَلَ دېگەن كەلىمىدىكى «ي» ھەرپى «ء» دىن ئۆزگەرتىلگەن بولغاچقا، ئۇ كەلىمىنى إِتَّكَلَ قىلىشقا بولمايدۇ. إِيْتَكَلَ نىڭ ئەسلىسى إِئْتَكَلَ ئىدى.

2) إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «د، ذ، ز» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «ت» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا ئۆزگەرتىمىز ۋە ئۇ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىۋېتىمىز.

مەسىلەن : إِدَّمَعَ ، إِذَّكَرَ ، إِزَّجَرَ

ئەسلىسى : إِدْتَمَعَ ، إِذْتَكَرَ ، إِزْتَجَرَ.

3) إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «ص ، ض ، ط ، ظ» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى «ط» گە يۆتكەيمىز .

مەسىلەن : إِصْطَلَحَ ، إِضْطَرَبَ ، إِطَّرَدَ ، إِظْطَلَمَ .

ئەسلىيسى : إِصْتَلَحَ ، إِضْتَرَبَ ، إِطْتَرَدَ ، إِظْتَلَمَ .

4) إِفْتِعَالٌ نىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «س ، ش» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەش دۇرۇس .

مەسىلەن : اِسَّمَعَ ، اِشَّبَهَ

ئەسلىيسى : اِسْتَمَعَ ، اِشْتَبَهَ.

5) «ت ، د ، ذ ، ز ، س ، ص ، ض ، ط ، ظ» قاتارلىق ھەرپلەردىن بىرەرى إِفْتِعَالٌ نىڭ «عَ» نىنىڭ باراۋىرىدە كېلىپ قالسا إِفْتِعَالٌ نىڭ «تـ» سىنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا يۆتكەپ، ئۇ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىش دۇرۇس .

مەسىلەن: يَقَتِّلُ ، يَبَدِّلُ ، يَخَصِّمُ ، يَنَضِّلُ .

ئەسلىيسى: يَقْتَتِلُ ، يَبْتَدِلُ ، يَخْتَصِمُ ، يَنْتَضِلُ .

ئون بەشىنچى قائىدە : إِسْتِفْعَالٌ بابىنىڭ «ف» سىنىڭ باراۋىرىدە «ط» كەلسە «ت» نى ھەزىپ قىلىۋېتىش دۇرۇس . مەسىلەن: ﴿فَمَا اسْطَاعُوا أَنْ يَظْهَرُوهُ وَمَا اسْتَطَاعُوا لَهُ نَقْبًا﴾ (ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى)، ئەسلىيسى «فَمَا اسْتَطَاعُوا أَنْ يَظْهَرُوهُ وَمَا اسْتَطَاعُوا لَهُ نَقْبًا» .

تمت بعون الله تعالى .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى